

بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

4

1996

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com




مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ رەئىس سەھنىسىدىن بىر كۆرۈنۈ



رەئىس ئەنشۇيى ئاخۇن
نۇتۇق سۆزلىمەكتە.



• يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئەستايىدىل دوكلات ئاڭلىماقتا.



گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ نۇتۇق
سۆزلىمەكتە.

شىنجاڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن مۇزاكىرە قىلماقتا.





مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ
مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن باۋبىڭ دوكلات
بەرمەكتە.

## «قۇرئان كەرىم»دىن

بسم الله الرحمن الرحيم

واعبدوا الله ولا تشركوا به شيئا وبالوالدين إحسانا

وبذي القربى واليتامى والمساكين والجار ذي القربى

والجار الجنب والصاحب بالجنب وابن السبيل

وما ملكت أيمانكم إن الله لا يحب من كان مختالا فخورا

"ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قول-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللا مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ" (4-سۈرە، 36-ئايەت).

(خەتتات: سالىھ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشت ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: مۇزەيپەر ئابلىمت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى
باسقۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى داچاڭ ھىلال بەرگى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100053 تېلېفون: 63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001

主　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提・瓦依提
技术编辑：木扎拜尔
封面设计：艾　力
激光照排：中国民族语文翻译中心
印　刷：中国伊协大厂月华胶印厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京宣武区南横西街103号）
邮政编码：100053　电话：63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路119号
邮政编码：830001

## مۇندەرىجە

مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى

مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى
...... يۈسۈف جەۋاد (4)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەنشۇبېي ئاخۇننىڭ سۆزى ...... (5)

يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى قىياپەت يارىتىپ، تېخىمۇ زور رولىمىزنى جارى قىلدۇرايلى ......
...... مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىلىڭ (7)

گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭنىڭ سۆزى ...... (17)

يىغىننىڭ ئۆلگىلىك مەسچىتلەرنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى
...... (22)

ئۆلگىلىك مەسچىتنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش ئۆلچىمى
...... (23)

ئىسلام تەتقىقاتى

ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-مەرىپەت ......
...... مۇھەممەد سالىھ (24)

ئىسلام ئەقىدىلىرى

ناماز ئوقۇش قائىدىسى ......
...... ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا داموللا ھاجى (33)

ئالىم-ئۆلىمالار

ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ۋە بۈيۈك تارىخىي ئەسەر «تارىخىي ھەممىدى»دىكى ئەخلاق قاراشلىرى توغرىسىدا
...... مۇھەممەد ئەيسا (42)

مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر

گۈللەپ ياشناۋاتقان فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسى
...... مالىك ميان (47)

خېنەن ئۆلكىسىدىكى "جيەن" فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈردى
...... ھاجى مەھمۇدى (49)

## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر


قاھىرەدە ئىسلام مۇھاكىمىسى ...... ئابدۇرەھىم ئىمىن (51)

ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار ساياھەت ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ...... مەھمۇدى (52)

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار مىسىرغا يۈرۈپ كەتتى ...... مەھمۇدى (46)

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىماملار كۇرسىغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ئىماملار ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى ...... مەھمۇدى (60)


## ئىسلام دۇنياسى


ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى تۈنجى قېتىم ھەل قىلغان ئادەم—زۇبەيدە خېنىم ...... «ئەل ئىھرام» گېزىتىدىن (53)


## ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى


تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى ...... شاھمەردان (54)

پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ...... روزى رەھىم (54)

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ...... شاھمەردان (55)


## خەۋەرلەر


بوگۇر ناھىيىسىدە مېيىت يۇغۇچىلار (غەسساللار) نى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ...... تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (56)

خۇيزۇ دىنىي زات گاسۇندى ھاجى شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىگە لەۋھە تەقدىم قىلدى ...... دەريا ھەسەن (56)

قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى ...... ياقۇپ ھاجى (57)

شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئېلىپ باردى ...... مەھمۇدى (57)

ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرىدىكى دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى ...... غالىپجان ئوسمان، دايىم داۋۇت (58)

قورغاس ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى ...... ئۆمەر مافاڭ (58)

جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 96-يىللىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ...... مەھمۇدى (59)

ئاتاقلىق دىنىي زات زەيدىن ئابدىن مەۋلىۋى دامولاھاجىم ۋاپات بولدى ...... ياقۇپ ھاجى (59)

ئابدۇجېلىل ئاقائىت ھاجىم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى ...... ياقۇپ ھاجى (59)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى


بوگۇر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە ...... تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (60)

ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ...... «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر نەشرى بۆلۈمى (61)

ئۇيغۇرچە «جۇڭگوچە مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ...... (62)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: تۇرپان قازىيخانا مەسچىتى


★ 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيلى

——مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1996-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىردى، يىغىننىڭ مەركىزىي قارالمىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە يېڭى قىياپەت يارىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ يىغىن ئىتتىپاقلىشىپ ئەمەلىي ئىش قىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش جەھەتتىكى خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بولۇپ، ناھايىتى ۋاقتىدا ئېچىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى.

مەملىكەت بويىچە 29 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ 70 دىن ئارتۇق ئابرويلۇق زاتلار يىغىنغا قاتناشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى دېجۇ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارە باشلىقى جۇ شاۋمىڭ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمە باشلىقى شۈي فېڭ قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىمۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەنشۈبىي ئاخۇن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ "ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش" توغرىسىدا «يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى قىياپەت يارىتىپ، تېخىمۇ زور رولىمىزنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. مۇئاۋىن رەئىس نوئمان ما شيەن يىغىن ئاخىرىدا خۇلاسە نۇتقى سۆزلىدى.

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىن قاتناشچىلىرى مۇئاۋىن باشلىق ياڭ تۇڭشياڭنىڭ سۆزى ۋە مۇئاۋىن رەئىس

 جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

ۋەن ياۋبىڭنىڭ دوكلاتىنى گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلدى ۋە چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىپ پىكىر بايان قىلدى. ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە چوڭ يىغىندا پىكىر بايان قىلىش جەريانىدا، كۆپچىلىك ئۆز قاراشلىرىنى ئەركىن-ئازادە ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن پايدىلىق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك: بۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، ناھايىتى ۋاقتىدا ئېچىلدى ھەم يېڭى دەۋردىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ يېڭى باشلانمىسى بولدى، دېيىشتى. كۆپچىلىك بىردەك: مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىڭنىڭ بەرگەن دوكلاتىنىڭ ”پىكىر مەنىلىرى يېڭى، مەزمۇنى ئەمەلىي، تەلەپلىرى ئېنىق“ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتە يېڭى ئىدىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇڭا ئۇ ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىدە ئاكتىپ يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، دەپ قاراشتى.

يىغىندا يەنە «ئۆلگىلىك مەسچىتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس» ۋە «ئۆلگىلىك مەسچىتنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئۆلچىمى» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. كۆپچىلىك: بۇ پائالىيەت ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشدىكى مۇھىم تەدبىر بولدى، دەپ ھېسابلاشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىن قاتناشچىلىرى يەنە شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن يولداش ۋۇ يىخۇڭنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

(يۇسۇف جەۋاد)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇنىنىڭ سۆزى

## (1996-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى)

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

ھۆرمەتلىك رەئىسلەر، باش كاتىپلار، مېھمانلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى بۈگۈن ئېچىلدى. ئالدى بىلەن مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى رەھبەرلەرگە ۋە بارلىق خادىملارغا ۋەكالىتەن بۇ يىغىنغا كەلگەن رەئىسلەر، باش كاتىپلار ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە سىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن. يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغان رەھبەرلەرگە ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننى ياتاق، مەجلىسخانا بىلەن تەمىنلەپ ياردەم بەرگەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى ئاياغلاشقان ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېچىلدى. 6-ئومۇمىي يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە يۈكسىلىپ، مەملىكىتىمىزنى باي ۋە قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى. شۇڭا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى قارارىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئاكتىپ ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم.

بۇ قېتىمقى بىرلەشمە يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپىنىڭ «ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر» دېگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتىمىز ۋە مۇزاكىرە قىلدۇق. دوكلاتتا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەمدە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر بايان قىلىندۇ ۋە مۇھاكىمە قىلىندۇ، يېڭى ۋەزىيەتتە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش-نىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ ھەمدە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قانداق قىلىپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت پىكىر ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. رەئىسلەر، باش كاتىپلار ۋە يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باغلاپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى دېگەن ئاساسىي تېما ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ، كەڭ-كۇشادە سۆزلەپ، ئومۇمىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى ۋە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، بۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە «ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللىنىدۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە ئۈلگىلىك مەسچىت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ پائالىيەت مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدە-كىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت ھەرىكىتى، شۇنداقلا، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا

ماسلاشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كونكرېت تەدبىر. كۆپچىلىكنىڭ بۇ «تەشەببۇس»نى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشنى، مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، قايتىپ بېرىپ بۇ پائالىيەتنى تېز ئارىدا ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

رەئىسلەر، باش كاتىپلار، مېھمانلار، يولداشلار!

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مۇھىم، ئۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرمەزگىل ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەممىمىز ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئاچايلى. ئالللاتائالا بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغاي.

ئاخىردا كۆپچىلىكنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، روھىغا خۇشاللىق، خىزمىتىگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

رەھمەت سىلەرگە.

# يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى قىياپەت يارىتىپ، تېخىمۇ زور رولىمىزنى جارى قىلدۇرايلى

## —— ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى **مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىلىڭ**

(1996-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، رەئىسلەر، باش كاتىپلار:

ئالدى بىلەن مەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەركىزىي قارالمىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش؛ يېڭى ۋەزىيەتتە، تەشكىلاتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى تەشكىلىنىڭ تېگىشلىك رولىنى يەنە بىر قەدەم جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە يېڭى قىياپەت يارىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر سۇپىتىدە، «يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى قىياپەت يارىتىپ، تېخىمۇ زور رولىمىزنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دوكلات بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى، تۈزىتىش كىرگۈزۈشى ۋە تولۇقلاپ چىقىشىغا سۇنۇلدى.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى گۈللەپ راۋاج تاپتى، جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدى، ۋەتەننىڭ قىياپىتى كۈنساناپ يېڭىلىنىپ باردى، خەلقئارالىق ئورنى كۈندىن-كۈنگە ئۆستى. يېقىندا پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىدا يەنە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى ۋەزىيەتتە مەملىكىتىمىز ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىمۇ يېڭى ۋەزىپە ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلمەكتە. قانداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىپ، ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىرىشىپ قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالدى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى «قارارى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم نۇتقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى ھەمدە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ”ۋەتەننى سۆيۈپ، دىنىنى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىڭلار“ دېگەن يوليورۇقىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، ”تۆتنى قوغداش“نى مىزان قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدىيىنى يەنە بىر قەدەم ئازاد قىلىپ، چۈشەنچىنى يېڭىلاپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى ساپا ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى 21-ئەسىرگە يېڭى قىياپەت بىلەن قەدەم باسقۇزۇشى لازىم.

ھازىر مەملىكىتىمىزدە 430 دىن ئارتۇق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىسلام جەمئىيىتى، 34 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت، 45 مىڭدىن ئارتۇق ۋەزىپىدىكى ئاخۇن بار. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئاستىدا، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ئاكتىپ ياردەملەشتى؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىدى؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئارا ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، مەزھەپلەر ئارا ۋە مەزھەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى مۇسۇلمانلارنى يېتەكلەپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلام

ئىلمى-مەدەنىيەتنى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە ئاخۇنلار كۇرسى ئېچىش، چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ھالبۇكى، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى ھەم پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى قارارى روھىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىز ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى تولۇق ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ شەرت-شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقى، تەرەققىياتمۇ تەكشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ ئوخشاشلىق قانات يېيىشىغا تەسىر يېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى يارىتىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭچە، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك:

## 1. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش

1) ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر تۇغ، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئىدىيىۋى ئاساس. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى توغرىسىدىكى قارارى قاتارلىق ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ۋە دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ”تۆتنى قوغداش“تا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش—مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنىڭمۇ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ياش دىنىي خادىملارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشىپ ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىلمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ھىمايىچىلىرى، يۈكسەلدۈرگۈچىلىرى ۋە ئىشتىراكچىلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

قىلىپ چىقىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

2) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئىسلام دىنى زاتلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاخۇن-موللىلارنى ئۆيۈشتۇرۇپ، ۋەتەنپەر-ۋەرلىك تۇغى ئاستىدا، ئەقىدە-ئەھكاملاردىكى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت قائىدىلىرىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى تىرىشىپ مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تەشەببۇس قىلىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئۈزلۈكسىز بېرىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنى-يەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم.

3) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قانۇنچىلىق تۈزۈم جەھەتتىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى، بولۇپمۇ 1994-يىلى 1-ئايدا گوۋۇيۈەن جاكارلىغان ئىككى دىنىي قانۇن-نىزام جەھەتتىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى كەڭ-كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ، قانۇنىي تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدىغان ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن يولىغا قويىغان دائىر ئىچىدە قانات يايدۇرىدىغان قىلىش لازىم. ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، مەسچىتلەرنى تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تىزىملاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە زۆرۈرلۈكىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىش، ئەنگە ئېلىنىپ تىزىملانغان مەسچىتلەرلا قانۇننىڭ ئۈنۈملۈك قوغدىشىغا ھەقىقىي ئېرىشىپ، قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولالايدىغانلىقىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈش كېرەك. «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ سىناق چارىلىرى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ۋە مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىش، ئىككى دىنىي قانۇن-نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى دىنىي پائالىيەتلەر ۋە مەسچىت باشقۇرۇش خىزمىتى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەسچىتنى دېموكرا-تىك باشقۇرۇش ھەيئىتى مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، سوتسىيا-لىستىك دېموكراتىيە روھىنى جارى قىلدۇرىدىغان، مەسچىت ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان تەشكىللىي شەكىل. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. شۇڭا، بىز مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ رولىنى يەنە بىر قەدەم جارى قىلدۇرۇپ، مەسچىتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس» بۇ قېتىمقى يىغىندا كۆپچىلىك-نىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتۈپ ماقۇللانسا، دېگەن تەكلىپنى بېرىمىز.

4) دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرسى بولغان ئىسلام دىنى مەملىكىتىمىزدە ئون ئاز سانلىق مىللەت ئېتىقاد قىلىدىغان دىن. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى 20 مىليونغا يېقىن بارىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەنىنىڭ غەربىي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار تەرەققىيات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، پۈتۈن خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە جەمئىيەت يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي

مەسىلە گىرەلىشىپ كەتكەن. ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بۇ مىللىي رايونلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، مىللىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلى-رىنىڭ گۈللىنىشىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشىگە بىۋاستە مۇناسى-ۋەتلىك. شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. نۆۋەتتە مەركەز ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز مەركەزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇسۇلمانلار رايوننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئۆزىمىزنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇشىمىز لازىم. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى. شۇڭا، تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى، مەزھەپلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، ئاكتىپلىق تۈردە ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى بىلەن ئالاقىلاشتۇرۇش—يېڭى دەۋردىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى بولۇشى كېرەك.

## 2. تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش

1) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، سىياسەتنى ئۇقىدىغان، بىلىملىك، كەڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خادىملارنى ئەستايىدىل تەربىيىلەپ چىقىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تولۇقلاش كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىدىكى دىنىي خادىملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ھەم ئۇيۇشقاقلىققا ئىگە، ھەم كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ۋە ئىجابىي تەسىرگە ئىگە، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاممىۋى تەشكىلات ۋە دىنىي تەشكىل قىلىپ چىقىش كېرەك.

2) يېڭىلار بىلەن كونىلار ئالمىشىش ۋەزىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، يەنىلا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەم سىياسىينى بىلىدىغان، ھەم ئىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ماھىر بولغان بىرقانچە ئون نەپەر يېڭى بىر ئەۋلاد ئىسلام دىنى ۋەكىللىرىنى تاللاش ۋە نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈش كېرەك. بۇ، ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش.

3) ئاخۇن-موللىلارغا بولغان تەربىيىلەش، سىناش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر مەملىكەت بويىچە كۆپ قىسىم رايونلاردا گۇۋاھنامە بىلەن ۋەزىپە ئۆتەش يولغا قويۇلدى، بۇ ئۇسۇلنى مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئارقىلىق، بۇنىڭدىن كېيىن پەقەت تەربىيىلىنىشتىن ئۆتكەن، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى تارقاتقان سالاھى-يەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەرلا تەكلىپ قىلىنىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تۈزۈمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاخۇن-موللىلارنىڭ ئىدىيە ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، مەملىكىتىمىزدىكى ئاخۇن-موللىلار قوشۇنىنىڭ ئۈنۈملۈك ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

4) تۈرلۈك باشقۇرۇش قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلىرىنى ئەمەل قىلىدىغان تۈزۈم بار ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىسلام جەمئىيىتى يەنە مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەستايىدىل يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيىدىغان، ئۆزىنى تۆھپە قىلالايدىغان، ئادىل ئىش قىلىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تېپىشى كېرەك. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ تەركىب تېپىشى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى لازىم.

## 3. ئىسلام مائارىپىنى ياخشى يولغا قويۇپ يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش

ئىسلام مائارىپىنى ياخشى يولغا قويۇپ يۇقىرى ساپالىق، ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيىدىغان، ئەسىر ھالقىيدىغان بىر تۈركۈم ئىسلامىيەت ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ھەم يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىسلامىيەتنىڭ ئېھتىياجى، ھەم ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەركىزىي ھالقا.

1) ئالدى بىلەن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ۋەزىپىدىكى ئاخۇن-مولل‍ىلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ۋە دىنىي ئىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھەم خېلى يۇقىرى دىنىي بىلىم سەۋىيىسىگە ۋە مۇئەييەن پەن-مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاخۇن-موللىلار قوشۇنىنى پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

2) ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «دىنىي ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرلەر»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە باشتىن ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزم يولىدا مەھكەم چىڭ تۇرىدىغان، ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، دىنىي ئىلىم ئىگىلىگەن، دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىرادە باغلىغان ھەم مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان دىنىي خادىملار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشى كېرەك. مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىنىي ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى يولغا قويۇشتا، بىر تەرەپتىن توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇش، سىياسىي ئۆلچەم ۋە ئىدىيىۋى پەزىلەت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن دىن ئۆلچىمىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چىڭ ئىگىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي ئەمەل ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، لاياقەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىش كېرەك.

3) ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى مەسچىتلەرنى دىنىي مائارىپنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەت مەجبۇرىي مائارىپنى قوللاشقا، دىن بىلەن مائارىپنى ئايرىش پرىنسىپى بويىچە مەدرىسە مائارىپىنى ياخشى يولغا قويۇپ، مەدرىسە مائارىپى بىلەن مەكتەپ مائارىپىنىڭ زىتلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشقا يېتەكلەش لازىم. مەسچىتلەرنىڭ مەدرىسە مائارىپى ئۇستاز شاگىرتنى

يېتەكلەپ ئاخۇن يېتىشتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى شەكىل بولۇپ، دىنىي ئالىي مەكتەپلەر بۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى مەدرىسە مائارىپىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ئاكتىپ يېتەكلىشى، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.

## 4. دىنىي ئىشلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش

دىنىي ئىشلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى ۋە نەق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

1) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشكە، ۋەتەننى ۋە دىنىنى سۆيىدىغان، ئىناۋەتلىك، بىلىمى بار، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاخۇن-موللىلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشقا ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

2) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى شۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىدلىك ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلسا، ۋەزنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ۋە ئاخۇنلارنىڭ ۋەز ئېيتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرسە بولىدۇ. ئېيتىدىغان ۋەزنىڭ مەزمۇنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش، ئاكتىپ يۇقىرىغا ئۆرلەش روھى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەپ، ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

3) كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئاسارئەتىقىلىرىنى، يەرلىك دىن تارىخى، دىن تەزكىرىسىنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ژۇرنال، قىسقا خەۋەرلەر، جەمئىيەت خەۋەرلىرىنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، توغرا تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇچۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، تەشۋىقىي تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا (جۈملىدىن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا) تىراژ توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياردەملىشىپ ياخشى ئىشلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمىز.

4) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ شۇ جايدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر نەشر ئەسەرلەرنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا تېگىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەمدە بولۇشى كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەسچىتلەر ئىچكى كىتابلارنى نەشر قىلىشتىمۇ بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك، قانۇنسىز نەشر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشنىڭ ئالدىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىشى كېرەك. بۇ يەردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «ئىسلام ئىلمى-مەدەنىيىتى مەجمۇئەسى» «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى»نى يېزىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشكە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ياردەمدە بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمىز.

5) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەج تاۋاپ خىزمىتىنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشىغا داۋاملىق ياردەمدە بولۇشى كېرەك. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ھاجىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئاممىغا دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە تەشكىللىك ھەج تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى كېرەك. ئىقتىدارلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ياش ۋە قابىل خادىملارنى ئەستايىدىل تاللاپ ھاجىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك زور تىپتىكى بۇ دىپلوماتىيە خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم تەرتىپلەشتۈرۈش، رەتلەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشى لازىم.

6) ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادچىل-تېجەشلىك بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، دىنىي ئىشلارنى تىرىشىپ تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەمدە بولۇش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك يەرلىك تارماقلارغا ياردەملىشىپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىپ بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش لازىم.

7) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئاكتىپلىق بىلەن شەرت-شارائىت يارىتىپ باللار باغچىسى، يەسلى، قېرىلار ساناتورىيىسى قاتارلىق ھەر خىل تىپتىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش، ئۈمىد قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

8) ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەر، دەرد-ئەھۋال ئېيتىشقا كەلگەنلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئۇچۇرلارنى توپلاش، جاۋاب قايتۇرۇش ۋە چۈشەنچە بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋەقە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەمدە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

9) چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. زىيارەتكە كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇپ زىيارەتكە چىقىشقا ياكى ئادەم ئەۋەتىپ خەلقئارالىق ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇشقا شەرت-شارائىتى بار ئىسلام جەمئىيەتلىرى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، مۇۋاپىق ئادەملەرنى تاللاپ ئەۋەتىشى، ئۇلار تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا ئەمەل قىلىشى، خەلقئارالىق دوستلارنى كۆپەيتىشى، چەت ئەللەرگە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇرەككەپ،

كۆپ ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەت ئالدىدا بىز خەلقئارالىق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەن. بىرلىكىنى پارچىلاش جەھەتتىكى سۇيىقەستلىرىگە قارىتا يۇكسەك هوشيار بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغدىشىمىز لازىم.

## 5. ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، راسخوت مەنبەسىنى كېڭەيتىش

1) ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، راسخوت مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ۋە دىنىي ئىشلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ ماددىي كاپالىتى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىگىلىكىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇشى كېرەك. ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويغاندىلا، خىزمەت ۋە دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنى ياخشى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ.

2) ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويۇشقا ئىقتىدارلىق، ئىقتىسادىي پىكىرچانلىقى ئىگە، يېڭىلىق ئېچىش روھىغا باي كەسپىي خادىملارنى قوبۇل قىلىپ قاتناشتۇرۇش كېرەك. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، چۈشەنچىنى يېڭىلاپ، پىكىر يوللىرىنى ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى كەڭ دائىرىدە قوزغاپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم.

3) ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئۆزىنى ئۆزى قامداش خىزمىتىدە، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ ۋە چەت ئەلچە بولۇشنى تەمە قىلىش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىپ كېتىش، شەكىل قوغلىشىش قاتارلىق هادىسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتىشسىزلىكلەردىن ساقىت بولۇش، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

4) ھازىر بار ئۆي-جاي قاتارلىق ئۆزىدىكى شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشىنى قانات يايدۇرۇش، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى تېز بولىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بەزى تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئاكتىپلىق بىلەن شەرت-شارائىت يارىتىپ، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس هۈنەر-سەنئىتى ۋە سودا قىلىشقا ماھىرلىق ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئالاھىدىلىككە ئىگە بەزى كارخانا ۋە كەسپىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش لازىم.

5) ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كەسپىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇشتا، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش، مىللەتلەر-دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك ھەمدە ئىمكانقەدەر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ، باج قاتارلىق تەرەپلەردىكى، سىياسەت جەھەتتىكى زۆرۈر ياردىمى ۋە ماھىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كارخانا ۋە كەسپىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6) يەنە داۋاملىق تۇردە ئۆزىنى ئۆزى قامداش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، ئىـ... ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە پايدا يەتكۈزۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى پەيدىنپەي ھەممە تەرەپتىن ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان تەرەققىيات يولىغا ماڭغۇزۇش كېرەك.

## 6. ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش

1) ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقىدا، ئۇيۇملۇق كۈچى ئۇنىڭ مۇلازىمەت قىلىشىدا، تۇرتكىلىك كۈچى ئۇنىڭ ئىنتىپاقچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشى، مەۋقەنى ئاساسىي قاتلاملارغا قارىتىشى، كەڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشى، دۆلەتكە پايدىلىق، خەلققە پايدىلىق، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشى كېرەك؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ ھەر تەرەپلىمە پىكىر ۋە تەلەپلەرگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى زور كۆپچىلىك ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىقلىشىدىغان قىلىپ، مۇلازىمەت بىرىنچى دېيىدىغان ئىدىيىنى تۇرلۇك خىزمەتلەردە باشتىن ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

2) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى دېموكراتىك كېڭىشىش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئومۇملۇقنى مۇھىم بىلىپ، بىرلىكتە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇشى لازىم.

3) ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئارىسىدىكى، ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئارىسىدىكى، ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئاmma ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنە بىر قەدەم ياخشى تەڭشەش، ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاش-تۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ھەربىرى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى روھىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئىسلام دىنى تەشكىللىرىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئاڭدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى قىياپەت يارىتىپ، تېخىمۇ زور رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ”پەيتنى غەنىيمەت بىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“ دېگەن باش فاڭجېننى چىڭ ئىگىلەپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، ئىسلام دىنى جەھەتتە-كى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈچلەرنى زورايتىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇشقا ئاكتىپ يېتەكلىشىمىز، بىر نىيەتتە ھەمكارلى-شىپ، جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتەن بىرلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

# گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭنىڭ سۆزى

(1996-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى)

ھۆرمەتلىك رەئىسلەر، كاتىپلار، يولداشلار!

ئالدى بىلەن مەن گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋەكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. بۇ قېتىمقى يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى يېڭى پىكىر ۋە كونكرېت چارىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتقانلىق، بۇ يىغىننى ئۇتۇقلۇق ئېچىپ، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ يىل خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى يىلى، ئاساس سېلىنىدىغان يىل. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا، ھەرقايسى سەپلەرنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ياخشى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىرى دىنىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھەر يىلى باھار بايرىمىنىڭ ئالدىدا، مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى جۇڭنەنخەيگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يىل يىل بېشىدا، بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەت بويىچە دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى "ئۈچ جۈملە سۆزنى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئىزچىللاشتۇرۇش، 96-يىلى ئۈچ ئىشنى چىڭ تۇتۇش" دېگەن خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، دىن ئىشلىرى خىزمىتىدە جياڭ زېمىن باش شۇجىنىڭ 1993-يىلى مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ يىغىنىدا دىن ئىشلىرى خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن جەھەتتىن كۈچەيتىش، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەشنى، 1996-يىلى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش، ئىككى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ خىزمەتلەر ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتىدۇ.

ئىسلام دىنى ساھەسىنى ئېلىپ ئېيتساق، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم كېتىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دىنىي زاتلار ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش، دىنىي پائالىيەتلەرنى

www.uyghurkitap.com

نورمال قانات يايدۇرۇش، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ھەرگىز كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىڭلار، يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشقا يېتەكلەش، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. مېنىڭچە بۇ كۈنتەرتىپ ناھايىتى ياخشى بولغان. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى-نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ناھايىتى ئوبدان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەئىس، باش كاتىپلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، كەڭ-كۇشادە سۆزلەپ، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تەكلىپ-چارىلەر قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندە، مەن ئىسلام جەمئىيەت-لىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك پىكىر بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

### 1. ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆز رولىنى يەنە بىر قەدەم جارى قىلىش

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىپ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بىرمۇنچە ئۆلكە دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار كۆپرەك بولغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ناھىيەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ھازىر 400 دىن ئارتۇق ئىسلام جەمئىيىتى بار. ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە، جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە بىنائەن، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاسراش جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. ئەمما، مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان يېڭى شارائىتتا، ئىسلام دىنى خىزمىتى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاندا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىسلىي كۆرۈلمىگەن پۇرسەت. بۇ ھال ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقى يولىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاسراش، ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تۆھپە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، يېڭى شارائىت ئاستىدا، بەزى ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىدا بۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە تېخى ماسلىشالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، خىزمەتنى ئانچە جانلىق قانات يايدۇرالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ مەسچىنلەر ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان جامائەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئانچە

قويۇق ئەمەس، يەنە بەزى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى دىنىي ئىشلارغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئانچە تۇتۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئايرىم جايلاردا ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە يار-يۆلەكتە بولۇشى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك؛ بۇ مەسىلىلەر ئوبدان ھەل قىلىنمايدىكەن، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى يېڭى ۋەزىيەتتىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يولداش لى رۇيخۇەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنى قوبۇل قىلغان چاغدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە داۋاملىق ياردەملىشىشىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ۋاستىلىك رول ئويىنىشىنى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى كەڭ تۈردە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. يولداش لى رۇيخۇەننىڭ سۆزى مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. دوستلارنىڭ يەنىمۇ ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭچە، يولداش لى رۇيخۇەن ئوتتۇرىغا قويغان خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىشنى سىياسىي-ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشتىن باشلاپ، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەت بەنزىسىنى ئوبدان قۇرۇش، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەت قوشۇننى مۇستەھكەملەش، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدىكى رولىنى يەنىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا پەيدىنپەي تولۇقلاش كېرەك. بىز، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى دائىم تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، دەل ئۆز ئورنىنى تېپىشىنى، ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياردەمدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**2. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىششقا پائال يېتەكلەش**

باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: مەيلى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشتا بولسۇن، مەيلى دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن جەھەتتىن كۈچەيتىشتە بولسۇن—بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەقسەت دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىششقا ئاكتىپ يېتەكلەشتىن ئىبارەت. دىن تارىخى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ھەر خىل دىنلار ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە ماسلىشىپ كەلدى. سوتسىيالىزم مەزگىلىدىمۇ دىن مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىش يولىغا ماڭىدۇ، ئۆزئارا ماسلىشىش دېگىنىمىز شۇنداق دېگەنلىككى، دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى دۆلەت قانۇنلىرىغا، نىزام-قائىدىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىگە ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، قانۇن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە دىنلاردا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھەرقايسى دىنلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىش جەھەتتە ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدەندى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھەرقايسى دىنلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىش يولىغا ماڭدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئاخۇنلارنى تەربىيىلەش ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق كىنىشكا تارقىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى، سىناقتا لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئالغان ئاخۇنلارلا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئىماملىق قىلالايدىغان بولدى. بۇ خىزمەتلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش جەھەتتە ھاسىل قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىدۇر. تەربىيىلەش ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخۇنلار ۋە موللىلارنىڭ دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش سەۋىيىسى ئۆستى. سىياسەت، قانۇن-تۈزۈم، سىياسىي قاراشلىرىمۇ كۈچەيدى، بۇنداق ئاخۇنلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. دىنىي خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى دەۋرنىڭ تەلپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ بۇ خىزمەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھەرقايسى دىنلاردا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشالمايدىغان ئۇنداق ياكى بۇنداق ئەھۋاللارمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى جەھەتتىن ئالغاندا، بەزى جايلاردا مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ ۋە نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارغا دىن ئارىلىشىۋالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ بەزى تەرىقەت مەزھەپلىرىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەر ئىچكى جەھەتتە ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىپ، زور كۆلەملىك قوراللىق ماجىرا تۇغدۇردى؛ بەزى جايلار مەسچىتلەرنى رېمونت قىلغاندا مەجبۇرىي ئالۋان سالدى؛ بەزى جايلار نامۇۋاپىق چوڭ كۆلەملىك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ دىنىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى؛ يەنە بەزى جايلاردا يەرلىك مەزھەپ ماجىرالىرى ئۆزلۈمەي پەيدا بولۇپ، ئامىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى؛ بەزى جايلاردا، دىنىي مەكتەپلەرنى ئاچتى، يەنە بەزى جايلاردا دىنىي ھېسسىياتقا تېگىدىغان ئەسكى كىتابلارنى ئۇچراتقاندا، قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەي، تەستىقتىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆز ئالدىغا قانۇنسىز نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ مەسىلىلەر مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دۆلىتىمىز قانۇن-تۈزۈملۈك دۆلەت، ھەر خىل دىنلار قانۇن دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى لازىم، ئىسلام دىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئىسلام جەمئىيەتلىرى دىنىي ساھەدىكىلەرگە ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئامىسىغا قانۇن-تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە نورمال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئامىنى ھەم ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانۇنىي ئاساستا قوغداشنى، ھەم ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى جەزمەن قانۇن ئاساسىدا تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. تۈرلۈك زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر يۈز بەرگەندە، نورمال يوللار بىلەن پىكىر ئىنكاس قىلىش، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلماي، مەسىلىلەرنى قانۇنىي

ۋاستىلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىندىن پايدىلىنىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بۇ مەسىلىگە ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى دوستلار دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئۇلاردىن چەك-چېگرا ئايرىشقا ھەمدە بايرىقى روشەن ھالدا ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا يېتەكلىشى كېرەك. يېقىندا يولداش لى رۇيخۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەملىكىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق تەشكىلات، جۈملىدىن ھەرقانداق دىن قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغدىشى، خەلق مەنپەئەتىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم. مەملىكىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق تەشكىلات، جۈملىدىن ھەرقانداق دىننىڭ دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشىغا، خەلق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. يولداش لى رۇيخۇەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ "تۆت قوغداش" بىز ھەممىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىش-ھەرىكەت مىزانىمىز بولۇپ قېلىشى لازىم.

3. تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك ئىشلەش

نۆۋەتتە، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ۋەزىپىلىرىمۇ بەك ئېغىر، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى، ئەمەلىي ئىشلارنى تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدىكى خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشىغا داۋاملىق ياردەملەشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا يېڭى تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا يەنە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك "ۋەز ئېيتىش" مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەت بويىچە «قۇرئان كەرىم»دىن قىرائەت قىلىش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي خادىملارنىڭ كەسپىي ئۆگىنىش ۋە سىياسەت ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى؛ ئۇزاق يىل توختاپ قالغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئىشلەپ تارقىتىش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج-تاۋاپىنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىلغان بۇ بىرقانچە ئەمەلىي ئىشىنىڭ ئۈنۈملىرى ھەممىگە ئايان.

پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ماقۇللىدى. «قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە "ئىلغار تەلەپلەرنى كەڭ دائىرىلىك تەلەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، ساختىلىق، رەزىللىكلەرنى چەكلەپ توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا، پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا، سەمىمىي ئەمگىكى بىلەن گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاقتا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشىمىز كېرەك.“ جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنى «قارار»نىڭ روھىنى ئاكتىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە، «قارار»نىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دەۋر ئاساسىي ئېقىمىغا دەمبەس قەدەم ئەگىشىپ، ئالغا بېسىش قەدىمىنى چاپسانلاشتۇرۇشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىردا، ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمىتىنى يېڭى بالداقتا قەدەم قويدۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى يولداشلار ۋە دوستلارنىڭ ئۆز ئورنىنى جايىدا قويۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

# مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ئۆلگىلىك مەسچىتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى

(1996-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى، بېيجىڭ.)

پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدە چىقارغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قارارى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى بىر نامايەندە. بۇ قارار مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنى باي ۋە قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى. كەلگۈسى شۇنداق بولىدۇكى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆلگىلىك رول ئوينايدىغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە يېزىلار مەيدانغا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھازىر 34 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا زىچ ئورۇنلاشقان، شۇڭا، مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يەنە بىر قەدەم ماسلىشىشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىگە شۇنداق تەشەببۇس چىقىرىمىزكى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە ئۆلگىلىك مەسچىتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەسچىتلەرنى ”دېموكراتىك باشقۇرۇش ياخشى بولۇش، دىنىي خادىملارنىڭ ساپاسى ياخشى بولۇش، دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرۇش ياخشى بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ياخشى بولۇش ۋە مۇھىت تازىلىقى ياخشى بولۇش“تىن ئىبارەت ئۆلگىلىك مەسچىت

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، 21-ئەسىرگە ياخشى روھىي قىياپەت بىلەن قەدەم بېسىش كېرەك. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى قوزغاپ، بۇ سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشى زۆرۈر. مەسچىتلەرنى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كۆزنەك قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشقا يېتەكلەيدىغان مۇنبەر قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان پۇقرا قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان دەرسخانا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئىسلام دىنى ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق سورۇن قىلىپ ھەممە مۇھىتى گۈزەل، تازىلىقى پاكىز مەنزىرىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

## ئۈلگىلىك مەسچىتنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئۆلچىمى

### 1. دېموكراتىك باشقۇرۇش ياخشى بولۇش

دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرى ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان، ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بولۇش؛ مۇكەممەل ئۆگىنىش تۈزۈمى ئورناتقان بولۇش، ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياردەملىشىدىغان بولۇش؛ «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ سىناق چارىلىرى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدىغان بولۇش؛ ئىتتىپاق ۋە ھەمكارلىشىدىغان، ئىشلارنى كوللېكتىپ بېكىتىدىغان، باشقۇرۇش قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئورناتقان ۋە ساغلاملاشتۇرغان، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى باشقۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلانغان، مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرىدىغان، ھېساباتىنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىدىغان بولۇش.

### 2. دىنىي خادىملارنىڭ ساپاسى ياخشى بولۇش

دىنىي خادىملار ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدايدىغان بولۇش؛ بىرقەدەر كۈچلۈك سىياسەت-قانۇن ئۇقتىئىنەزىرى بولۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن-نىزام، بەلگىلىمىلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەيدىغان بولۇش؛ بىرقەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت ساپاسى بولۇش، دىنىي ئەقىدە ۋە ئەھكاملارنى تەبلىغ قىلغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرالايدىغان، نامۇۋاپىق ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەيدىغان، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى قوللايدىغان بولۇش ۋە باشلامچىلىق بىلەن نەمۇنىلىك رول ئوينايدىغان بولۇش.

### 3. دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرۇش ياخشى بولۇش

دىنىي پائالىيەتلەرنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلىرى ۋە سىياسەتلىرى دائىرىسىدە ئېلىپ بارالايدىغان بولۇش؛ مەدرىسە مائارىپىنى نورمال ياخشى يولغا قويغان بولۇش؛ مەسچىتتىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۇنداق قىلىشنى قەتئىي توسىدىغان بولۇش.

(ئاخىرى 41-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-مەرىپەت

مۇھەممەد سالىھ

ئىسلام دىنى ئىلىم-مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە ئىلىم سۆزى 721 جايدا تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى نازىل بولغان ئايەت "ئوقۇغىن" دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىدۇ، بۇ دەسلەپكى ۋەھيىدە "ئوقۇغىن" دېگەن سۆز ئۈچ يەردە قايتا-قايتا تەكرارلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە ئاللانىڭ ئىنسانغا خەت يېزىشنى ئۆگەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيىدىكى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىنىش ئىلىم-مەرىپەتنى قەدىرلەشنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاندىكى 68-سۈرىنىڭ بېشىدىلا ئاللاتائالا قەلەم ۋە ئۇنىڭدا يازغان نەرسە بىلەن قەسەم قىلىدۇ. بۇ يەردىكى قەسەم بولسا، ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ھەم كىشىلەرنى ئۆگىنىشكە تەرغىپ قىلىش ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە ئاللا تۇنجى ياراتقان نەرسىنىڭ قەلەم ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم ۋە قەلەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى زىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز" دېيىلگەن. مانا بۇ ھەدىستە ئىلىمنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي نەرسە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار" دېگەن ھەدىسىدە ئىلىمنىڭ قايسى جاي، قايسى ماكاندا بولۇشىدىن ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا دۇچ كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ قانچىلىك زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىلىم ئۆگىنىش تەرغىپ قىلىنغان. بۇ ھەدىس يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىم ئېلىش توغرىسىدىكى دەۋىتىنىڭ كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، دىنىي ۋە دۇنياۋى بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش روھىغا باي بىر ھەدىسىدە "كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا ماڭسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ" دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە كېلىدىغان بولساق، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆگىنىش پەرز بولغان ئىلىمنى پەرز ئەين، پەرز كىپايىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلگەن، پەرز ئەيننى ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان پەرز، پەرز كىپايىنى بولسا بىر قىسىم كىشىلەر ئورۇنلىسا قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز دەپ چۈشەندۈرگەن. بەزى ئالىملار ئىسلام ئەقىدىسىگە ئائىت مەلۇماتلارنى، دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ساۋاتلارنى، تىرىكچىلىككە زۆرۈر بولغان بىلىم-ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەتتا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشنىمۇ پەرز ئەين دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس،

سىستېمىلىق ئوقۇلىدىغان ئىلىملەر ۋە ئىختىساس ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىلىدىغان ھەرقايسى پەن تۈرلىرىنى پەرز كىپايە دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

پەرز ئەيىنى ئورۇنلىغان ئەۋزەلمۇ ياكى پەرز كىپايىنى ئورۇنلىغان ئەۋزەلمۇ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار-نىڭ كۆز قارىشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن «تەنبىھۇل غاپىلىن» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى: "پەرز كىپايىنى ئورۇنلىغۇچى پەرز ئەيىنى ئورۇنلىغۇچىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، پەرز ئەيىنى ئورۇنلىغان كىشى گەدىنىدىكى ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ، پەرز كىپايە تەرك قىلىنسا ھەممە كىشى گۇناھكار بولىدۇ، ئۇنى ئورۇنلىغان كىشى پۈتۈن جامائەتنى گۇناھتىن ساقلىغان بولىدۇ" دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئىلىم دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارغا پايدىلىق بارلىق بىلىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. "مېھرىبان ئاللا قۇرئاننى تەلىم بەردى، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى" (55-سۈرە، 1—4-ئايەتلەر). ئاللاتائالا بۇ يەردە "سۆزلەشنى ئۆگەتتى" دېگەن سۆزنى ئىنساننى يارىتىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنىڭ ئاخىرىغىلا قويغان. بۇ ئايەتتە ئاللاتائالانىڭ ئىنساننى سۆزلەشكە قابىل قىلغانلىقى ئاللاتائالا-نىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مەرھەمىتى قاتارىدا بايان قىلىنغان.

ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى" (2-سۈرە، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇ ئايەتتىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردىن ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن نەرسىلەرنى پەرىشتىلەرنىڭ بىلمىگەنلىكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەر بىلمىگەننى بىلگەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى چىقىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام تەرغىباتى ئېلىپ بارغان چاغدا قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ئاران 17 ئادەملا ساۋاتلىق ئىدى، مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەليي ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن: بەدرى سوقۇشىدا قۇرەيشلىكلەردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدە بىر تۈركۈم ساۋاتلىق كىشىلەر بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى مۇسۇلمان بالىلىرىدىن ئون بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش بەدىلىگە قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلغان، شۇنىڭدەك «قۇرئان كەرىم»گە كاتىپلىق قىلغۇچىلاردىن مەشھۇر ساھابە زەيد ئىبنى سابىتنى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ: "يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى ئۆگەنگىن، مەن ئۇلارغا خەت يازدۇرۇشقا ئىشەنچ قىلالمايمەن" دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن بىرەر قەۋمگە خەت يازدۇرماقچى بولسام ئۇلارنىڭ كەم ياكى زىيادە يېزىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، سەن سۈريانچە خەتنى ئۆگەنگىن" دېگەنىدى. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇنداقلا "جەھىلىيەت دەۋرى" دەپ ئاتالغان ئەرەب جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ساۋاتسىزلىقنى يوقۇش ھەرىكىتىنىڭ تېز قانات يايغانلىقىنى بايقايمىز.

ئىسلام دىنىدا ئالىملارنىڭ قەدر-قىممىتى يۇقىرى سانالغان، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئورنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارالغان. «قۇرئان كەرىم»دە: "ئاللا ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى" (3-سۈرە، 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇ ئايەتتە ئالىملار ئاللادىن كېيىن پەرىشتىلەردىن قالسىلا 3-ئورۇنغا

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان. يەنە بىر ئايەتتە: ”ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ“ (39-سۈرە، 9-ئايەت) دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ نادانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى، نام-شەرىپىنىڭ يۇقىرىلىقى بايان قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا ئالىملارنى مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى بېرىشنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىمگە بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ“ (58-سۈرە، 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە: ”يەر يۈزىدىكى ئالىملار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھاننى بورۇتۇشى بىلەن قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا يول باشلىغۇچىلار ئېزىپ قېلىشقا تاسلا قالىدۇ“ دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىسنە: ”بىرەر ئالىمنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن بىرەر قەبىلىنىڭ تۈگەپ كېتىشى تۈزۈك“ دەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”مەن مۇئەللىم، يەنى باشقىلارغا ئىلىم ئۆگەتكۈچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم“ دېگەن. بۇنىڭدىن كىشىلەرگە ئىلىم-تەلىم بېرىشنىڭ نەقەدەر زور ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇش يۈزىسىدىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت قاناتلىرىنى ياپىدۇ، ئالىم ئۈچۈن ئاسمان-زېمىندىكىلەر ھەتتا سۇ ئاستىدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئالىمنىڭ ئابىدتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ بارلىق يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن، يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەر تىللا-تەڭگە مىراس قالدۇرغىنى يوق، ئۇلار پەقەت ئىلىم قالدۇرغان. ئىلىم ئالغان ئادەم چوڭ نېسىۋە ئالغان بولىدۇ.“ بۇ ھەدىستە ئالىملارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىلىشى ئالىملارنىڭ مۇھىم رولىغا بېرىلگەن ئەڭ يۈكسەك باھادۇر. ئالىملارغا بېرىلگەن بۇ يۈكسەك باھا ئاللاتائالانىڭ: ”بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ“ (29-سۈرە، 43-ئايەت) دېگەن سۆزىدە تېخىمۇ يارقىن رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يۇقىرىدىكى ھەدىستە ئالىملارنىڭ ئابىد (ئىبادەت قىلغۇچى)لاردىن ئۈستۈن قويۇلۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالىم ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئۆزىنىڭ ئىلمى ئارقىلىق ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللانىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭدىن ھېيىقىش ھالىتىدە تۇرىدىغان ئالىملار ئۈستىدە توختالغان بىر ئايەتتە: ”كۆرمەمسەنكى، ئاللا بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك ئاللا تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ“ (35-سۈرە، 27—28-ئايەتلەر). مانا بۇ ئايەتتە تەجرىبە ئالىملىرى ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن، ئۇلار ئاللانىڭ ياراتقانلىرىنى چۈشىنىدىغان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللادىن ئەيمىنىش بىلەن تەرىپلەنگەن.

ئىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، كەمتەر بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنچە

كاتتا ئىلىم ئاتا قىلغان تورۇغلۇق يەنە ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى سۈپىتىدە: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!‘ دېگىن“ (20–سۈرە، 114–ئايەت) دەپ تەلىم بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمرى ئىلاھىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن: ”ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىمنى زىيادە قىلمىغان كۈنۈمگە ئاللا بەرىكەت بەرمەيدۇ“ دېگەن. مانا بۇ، بىر كۈننىمۇ ئىلىم ئۆگەنمەي ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ دېگەنلىك. ئىلىم ئۆگىنىشتە پايدىلىق ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىلغان دۇئالىرىدا ئاللادىن پايدىلىق ئىلىملەرنى تىلەيتتى. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆكرىكىگە بېسىپ تورۇپ: ’ئى ئاللا! ئۇنىڭغا ئىلىم–ھېكمەتنى بىلدۈرگىن‘ دەپ دۇئا قىلغان“ دەيدۇ.

ئىلىم ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانماسلىق، قانائەتلەنمەسلىك كېرەك، ئۆگىنىۋالغان يېرىم–يارتا بىلىم بىلەن ھەممىنى بىلمەن دېيىشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق. ئىلىمنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئۇنىڭ چېكى يوق. «قۇرئان كەرىم» دە: ”سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن“ (17–سۈرە، 85–ئايەت) دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە ئىنسان مەرىپەت دائىرىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇمكىنقەدەر تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن–ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان بىلىمى قانچە كېڭەيگەنسېرى ئۆزىنىڭ بىلىدىغىنىنىڭ شۇنچە ئازلىقىنى ھېس قىلىدۇ، كۆز ئۇڭىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ كەڭ زېمىنى ئېچىلغانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

ئىنسان بىلىم ئېلىپ مەرىپەت ھاسىل قىلىشتا ئالدى بىلەن ئەقىل–ئىدراكقا تايىنىدۇ، ئەقىل–ئىدراكسىز ھېچ نەرسە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. ”ئەقىل“ سۆزى «قۇرئان كەرىم» دە ھەر خىل تۈرلىنىشلەردە كېلىپ، 49 جايدا تىلغا ئېلىنغان، يەنە كېلىپ بۇ ”ئەقىل“ سۆزى ئىسىم تۈرىدە ئەمەس، بەلكى ھەممىسى پېئىل تۈرىدە كەلگەن. بۇ ئارقىلىق ئەقىلنىڭ جۇشقۇن رەۋىشتە ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان پائالىيەتچانلىقى بېشارەت قىلىنغان. ئەقىلنى چۇشەپ تۇرغان تۇرلۇك ئامىللاردىن ئۇنى ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ–نېگىزلىك قائىدىلىرىدىندۇر. ئىسلام دىنى ئەقىلگە زور ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، ئەقىل–ئىدراك ياكى ئىلىمنىڭ ھەرقانداق ھەقىقەتنى دەلىلسىز قوبۇل قىلماسلىقتەك ئۇسۇلىنى ياقلايدۇ، پاكىتنىڭ ئورنىغا گۇمان ياكى پەرەزنى دەسسىتىشنى ئەيىبلەيدۇ. ”ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ“ (6–سۈرە، 117–ئايەت). ”ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ“ (10–سۈرە، 36–ئايەت). ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىشتە ئەتراپلىق كۆزىتىشتىن ئىبارەت ئەقلىي يول تۇتۇلىدۇ، ئىلمىي كۆزىتىش سەزگۈ ئەزالار بولۇپمۇ كۆز، قۇلاق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، سەزگۈ ئەزالارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە چېنىقتۇرۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ. ئىنسانلار كەشپ قىلغان مىكروسكوپقا ئوخشاش ئىنچىكە كۆزىتىش ئەسۋابلىرى سەزگۈ ئەزالارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ زورايتماقتا. ئۇنىڭدا ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مىكروبلار، قان دانىچىلىرى ۋە جانلىق ئورگانىزملار بايقىلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈلمەكتە. ساغلام، ئىنچىكە كۆزىتىش يولىغا قويۇلمىغان بولسا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرى ئېچىلىپ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. بىزنى كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا، قۇلاق، كۆز ۋە ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ كۆرۈشكە ئۈندەيدىغان نۇرغۇن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى كۆز ئۇڭۇمىزدا تۇرۇپتۇ: ”ئېيتقىنكى، زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاللانىڭ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ يوقتىن بار قىلغانلىقىغا

قاراڭلار“ (29–سۈرە، 20–ئايەت). ”ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟“ (67–سۈرە، 19–ئايەت). ”ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى؟“ (88–سۈرە، 17–، 18–، 19–ئايەتلەر). يۇقىرىقى ئايەتلەردە كۆز بىلەن ئەقلنى ئىشلىتىش دەۋەت قىلىنغان. ”ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟“ (22–سۈرە، 46–ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتتە قۇلاق بىلەن ئەقلنى ئىشلىتىش ئۈندەلگەن. ”ئاللا سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللا سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى“ (16–سۈرە، 78–ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتتە قۇلاق، كۆز ۋە ئەقلنى ئىشلىتىش تەرغىب قىلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئىنسانىيەت ئىلىملىرىنىڭ مەنبەسى ئەقىل ۋە توغرا كۆزىتىشتۇر. ئەقىل پەقەت تەجرىبە ۋە كۆزىتىش ئارقىلىقلا ئۆسىدۇ ھەم كۈچىيىدۇ. ئەگەر بىر بوۋاق تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلىپ يالغۇز بېقىلسا، گەرچە ئۇنىڭغا ۋاقتى–ۋاقتىدا يېمەك–ئىچمەك بېرىلسىمۇ، ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن چوڭ كىشىلەر قاتارىدا ئۆسۈپ يېتىلسىمۇ ئۇنىڭ ئەقلى بوۋاقلىق مەزگىلىدىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. پېداگوگىكا ئالىملىرى بۇ نۇقتىغا شۇنداق قارايدۇ. يۇقىرىقى ئايەتتە مۇشۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن ھاسىل قىلىدىغان مەلۇماتلىرى پەقەت كۆز، قۇلاق ۋە باشقا سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى: ”بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال–سوراق قىلىنىدۇ“ (17–سۈرە، 36–ئايەت) دېگەن ئايەتتە سەزگۈ ئەزالىرىنى توغرا يوسۇندا ئىشلىتىش ھەم ئۇنى گۇمان، پەرەزلەردىن يىراق تۇتۇش، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش تەكىتلىنىدۇ. بۇ ئايەتتە ئىلمىي كۆزىتىشنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل نېگىزلىك ئۇسۇلى مەركەزلەشكەن دېسەكمۇ بولىدۇ: بىرىنچى، ئىنسان شەكسىز ئېنىق بولغان ھەقىقەتكە ئەگىشىش. ئىككىنچى، ھەقىقەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلى توغرا كۆزىتىش ۋە توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت بولۇش. ئۈچىنچى، ئىنسان توغرا كۆزىتىش ۋە توغرا تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەقىقەتتە مەھكەم تۇرۇش.

ئىسلام دىنى ئەقىل–ئىدراكقا شۇنچە تەنتەنە قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قەدىر–قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ھېسابلايدۇ. ”شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللانى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن“ (3–سۈرە، 190—191–ئايەتلەر). زامانىۋى پەندىن خەۋەردار مۇپەسسىرلار، «قۇرئان كەرىم» دىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى ۋە ئىلىم–پەنگە دائىر مەزمۇنلارنى پەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىقلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى نۇرغۇن ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ دىققەت–نەزىرىنى كائىنات ئىلىملىرىغا قارىتىدۇ، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن دەرىخىنىڭ تۈرلۈك شاخچىلىرىغا، ئىلمىي نەزەرىيىلەر ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ ھەم كىشىلەرنى

ئومۇمىي جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەيدۇ. ”ئاسمانلاردا، زېمىندا نېمىلەرنىڭ بارلىقىغا قاراڭلار، دېگىن“؛ ”ئۇلارغا بىز تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە (ئاسمان-زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز“ (41-سۈرە، 53-ئايەت). ”زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟“ (20—21-ئايەتلەر). ”ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ“ (3-سۈرە، 191-ئايەت). ”بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق“ (89-سۈرە، 22-ئايەت). ”ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى“ (41-سۈرە، 11-ئايەت). ”كۆرمەمسەنكى، ئاللا بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن“ (24-سۈرە، 43-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ”تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان ئاللانىڭ ھۈنىرىدۇر“ (27-سۈرە، 88-ئايەت). ”ئۇلارغا (ئاللانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز-دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز-دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ“ (36-سۈرە، 37-، 38-، 39-، 40-ئايەتلەر). «قۇرئان كەرىم» دە ئەقىل-ئىدراك، تەپەككۇر تەكىتلەنگىنىگە ئوخشاش، تەسخىر (تىزگىنلەش) يەنى پەن بىلىملىرى ئارقىلىق تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەشمۇ ئىشارەت قىلىنغان. ”تۆمۈرنى داۋۇتقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر-بىرىگە) تەكشى قىلغىن“ (34-سۈرە، 10—11-ئايەتلەر). ”بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە-مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق“ (38-سۈرە، 36—37-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسى، ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلارنى سېلىش، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى، ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايقاشقا بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

دەسلەپكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى يۇقىرىقىدەك ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن يۈكسەك ئىلمىي ئاڭغا ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دادىل ئىزدىنىپ، ئىلىمگە تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىش روھى كەڭ قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، ئىسلام دىنى روناق تېپىپ ئۇزاققا قالماي ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن ھەدىسشۇناسلار، تەپسىرشۇناسلار، فىقھشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ھەدىس مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitab.com

ئۇ چاغلاردا پەننىي بىلىملەر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى مەدرىسلەرگە مەركەزلەشكەن.

ئىسلام ئالىملىرى دەسلەپكى دەۋرلەردە مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنى گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە تىبابەتچىلىك قاتارلىق تەبىئىي پەن بىلىملىرىدىن باشلاشنى بېكىتكەن. ئەينى چاغلاردا ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلانغان مەدرىسلەرنى پۈتتۈرۈپ چىققانلار ئۆز دەۋرىدە ئېقىۋاتقان زامانىۋى ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى، ھەتتا بىر قىسىم پەنلەردە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. دېمەك، داڭدار ئىلىم ئەربابلىرى بولۇپ تونۇلغانلار ئەسلىدە مەدرىسلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تىرىشچان شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بىرقەدەر چوڭقۇرراق چۈشىنىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئىسلام مۇھىتىدا يېتىلگەن بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تېز تارقىلىپ، 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. باغدات، قاھىرە، دەمەشق، ئىسكەندىرىيە، كوردوبا قاتارلىق مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن مەركەزلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ جايلاردا نۇرغۇن مەدرىسلەر، كۇتۇپخانىلار، رەسەتخانىلار بەرپا قىلىندى. ئەرەب تىلى تەرەققىي قىلىپ ئىلمىي ئىدېئولوگىيە، پەلسەپىۋى قاراشلارنى راۋان تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەپلىك قورالىغا ئايلاندى. يۇنان، ئىران قاتارلىق ئەللەرنىڭ تۈرلۈك پەنلەرگە ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ھىران، نەسىبىن، رەھا، ئەنتاكىيە، جونوسابور مەكتەپلىرى بۇ تەرجىمە ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئىسلام ئالىملىرى تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئىلمىي جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈپ شەرھلىدى، تۇتۇق جايلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ يەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەدىمكى زاماننىڭ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم پائال تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، زور ئۇتۇق قازىنىپ، ياۋروپانىڭ شۇ چاغلاردىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى ۋە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. شەرقنىڭ ئىلىم-پېنىنى غەربكە تونۇشتۇردى.

ۋېلىز ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن ئېنسىكلوپېدىيىسىدە: "ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆز زامانىسىدا غەربلىكلەردىن بىرەر ئەسىر چامىسىدا ئالغا كەتكەنىدى" دېگەن. مۇسۇلمانلار ئەينى چاغلاردا دادىل ئىزدىنىپ ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ 8-، 9-، 10 -، 11-ئەسىرلەردىكى ئالتۇن دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ باغداتنى مەركەز قىلغان ئاباسىيە خاندانلىقىنىڭ مەرىپەتكە مەدەت بەرگەن خەلىپىلىرىدىن مەنسۇر، ھارۇن رەشىد، مەئمۇنلارنىڭ زامانىدا پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرى ئالاھىدە راۋاجلانغان. ئوتتۇرا ئەسىردە نۇرغۇن ئالىملار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان؛ ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، پەلسەپە، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەردە زور ئۇتۇقلار قازانغان. مەشھۇر پەيلاسوپ، ماتېماتىك ئەبۇ يۇسۇف يەئقۇپ كىندى نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يۇنان تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپلا قالماي، باشقىلارنىڭ قولىدىن چىققان تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باشتىن ئاخىر تۈزىتىپ چىققان. ئۇ يەنە قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ئاساسىدا ئەرەب-ئىسلام پەلسەپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئاسترونومىيە، مېتېئورولوگىيە، ئوپتىكا، خىمىيە، مۇزىكا

ساھەلىرىدىمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ باغداتتا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ۋايىغا يەتكەن ئەبۇ ناسىر فارابى پەلسەپە، ماتېماتىكا، مۇزىكا قاتارلىق پەنلەردە ئەڭ يېتىك، داڭلىق ئەرباب بولۇپ ''مۇئەللىم سانى''، يەنى ''ئىككىنچى ئۇستاز'' دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇ تۈرلۈك پەنلەردە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. پەلسەپەدە فارابىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان ئالىم ئىبن سىنا بولدى، ئۇ ئۆز دەۋرىدە مەۋجۇت پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈپ چىققان بىردىنبىر دانىشمەندى. ئۇ خىمىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا پەنلىرىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ يورۇقلۇقنى يورۇقلۇق مەنبەسى چىقارغان، ئۇ چەكلىك سۈرئەتتە تارقىلىدىغان زەررىچىلەردىن ئىبارەت دەپ قارىغان؛ ئىسسىقلىق، كۈچ ۋە ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن. ئۇ يەنە قورام تاش، تاغلارنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە مۇھىم نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ گېئولوگىيە پېنى ئۈچۈن ئاساس سالغان: بولۇپمۇ ئۇنىڭ دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن» ناملىق كىتابى ئەڭ چوڭ تىببىي ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرىنى ئالغان ئۇلۇغ قامۇس بولۇپ، 15-ئەسىردىلا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، 12-ئەسىردىن 17-ئەسىرگىچە ياۋروپا تىبابەتچىلىكىدە ھەممە مۇراجىئەت قىلىدىغان مۇھىم مەنبە بولۇپ كەلگەن. ياۋروپالىق ئالىم ۋىليام ''«ئەلقانۇن» دېگەن كىتاب ئۇزاق زامانلارغىچە مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئىنجىلى بولۇپ كەلدى'' دېگەنىدى. ئىبن سىنا ئىنساندا بولىدىغان پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشنىڭ ئاشقازاندا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋە قان ئايلىنىش نەزەرىيىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، راك كېسىلىنى ھەممىدىن بۇرۇن داۋالىغان. 8-ئەسىردە ياشىغان، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە پەيلاسوپ رازىمۇ كۆپ ئەسەر يازغان مول ھوسۇللۇق ئالىم ئىدى. ئۇ تىبابەتكە ئائىت 229 پارچە، خىمىيىگە ئائىت 19 پارچە كىتاب يازغان. سىجىستان ھۆكۈمرانى مەنسۇر ئىبن ئىسھاق سامانىغا ئاتاپ ئون جىلدلىق «كىتابى مەنسۇرى» ناملىق كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب 15-ئەسىردىلا لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئايرىم جىلدلىرى فرانسۇز، نېمىس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ مېدىتسىنا جەھەتتىكى تەجرىبىنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان ھەم ئۆز تەجرىبىلىرىنى ھايۋاناتلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان. ئۇ يەنە باللار كېسەللىكى ھەققىدە تۇنجى بولۇپ مەخسۇس ئەسەر يازغان. جابىر ئىبن ھەييانمۇ خىمىيە ساھەسىدە راسا توشقان تەجرىبە ئالىمى ئىدى، ئارىستوتېل لوگىكا پېنىدە قانداق شۆھرەت قازانغان بولسا، ئۇ خىمىيە ساھەسىدە شۇنداق داڭ چىقارغانىدى، ئۇ خىمىيە تەتقىقاتىغا ئائىت 80 پارچە ئەسەر يازغان، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دۇنيا تىللىرىغا، جۈملىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىش ئۇنىڭ بىردىنبىر تەتقىقات ئۇسۇلى ئىدى. ئالىم لىكلور جابىرغا باھا بېرىپ: ''ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى'' دېگەن.

بوتانىكا تەتقىقاتىغا بېرىلگەن ئالىملار ئىچىدە 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئابدۇللەتىق بەغدادى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ ئىلمىي ئاساستا توخۇ بېقىش، چۈجە چىقارتىش ھەققىدە بىرىنچى بولۇپ توختالغان ئالىم ئىدى، ئۇ يەنە زىرائەتلەرگە زىيانلىق ئوت-چۆپلەر ئۈستىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئۈنۈملۈك تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدى.

ئىبن سىنانىڭ زاماندىشى بولغان ئىبن ھەيسەم (مىلادى 965—1039-يىللىرى) ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ فىزىكا ئالىملىرىدىن بولۇپ، فىزىكا، ماتېماتىكا ھەققىدە 116 پارچە، گېئومېترىيە توغرىسىدا 58 پارچە ئەسەر يازغان. ئۇ ئوپتىكا (يورۇقلۇق ئىلمى) تەتقىقاتىدا زور دەرىجىدە ئالغا كەتكەن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

نۇرنىڭ ئاسان ھەم تېز يېتىدىغان مۇساپە ئارقىلىق ئۆتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، ئۇ ئېنېر قانۇنىيىتىنى بىلگەن. خازىنى ئۆلچەم ئىلمىدە داڭ چىقارغان. ئۇ يەر شارى مەركىزىگە يۆنەلگەن ئالەملىك تارتىش كۈچ نەزەرىيىسىنى ۋە ھاۋانىڭ ئېغىرى بارلىق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەشھۇر ئالىم قۇتبىددىن شىزارى (مىلادى 1236—1311-يىللىرى) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى كامالىددىنلار ھەسەن-ھۇسەيىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندۈرگەن، شۇنىڭدەك يورۇقلۇق (نۇر) سۈرئىتى مۇھىتنىڭ ئوپتىك زىچلىقى (ماددا زىچلىقى ئەمەس) بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كامالىددىن فارىسى ئوپتىكا ئىلمىدا ھەقىقەتەن تەڭداشسىز ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. ئەبۇ رەيھان بىرونى ئۆزىنىڭ زاماندىشى ئىبن ھەيسەمگە ئوخشاش تەجرىبە ئالىمى ئىدى. بىرونى بىلەن ئىبن سىنانىڭ ئۆزئارا پىېزىشقان خەتلىرىنى بۇگۈنكى كۈندە كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پەرەز قىلىپ چىقارغان ئۇسۇللىرى ھېلىمۇ يېڭى تۇيۇلىدۇ. بىرونى پەلسەپە، ئاسترونومىيە ئىلمىدە زور ئۇتۇق قازانغان. ئۇ يازغان «ئاسمان جىسىملىرى، يۇلتۇزلارنىڭ مەسئۇد قانۇنىيىتى» ناملىق مەشھۇر ئەسەردە ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ يەنە يەر شارىدىكى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ئارىلىقى ۋە كۆلىمىنى ھېسابلاشنىڭ فورمۇلىسىنى تۈزگەن ھەمدە قۇياشنىڭ يىراق ھەرىكەت نۇقتىسىنى تېپىپ چىققان. ئاسمان جىسىملىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان باتانىمۇ نامدار ئاسترونوملاردىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى بايقاشلىرى ئارقىلىق ئاسترونومىيە ئىلمىگە مۇھىم يېڭى تۈزىتىشلەرنى بەرگەن.

قەدىمكى ئالگېبرا تارىخىدا ئۇلۇغ شەخس سانالغان خارەزمى 9-ئەسىردە ئۆتكەن ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇ ئالگېبرا توغرىسىدىكى ئالگېبرا تارىخىدا ئەڭ قەدىمىي ئەسەر ھېسابلانغان مەخسۇس ھەم مەشھۇر ئەسىرىدە ئالگېبراغا ئائىت 800 مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كىتاب 16-ئەسىرگە قەدەر ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلىك قىلىنغان ھەم ئالگېبرانىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. خارەزمى يەنە يېڭى ئاسترونومىيە جەدۋىلىنى تۈزگەن، ئەرەب رەقەملىرىنى ياۋروپاغا تاراتقان، تىرىگونومېترىيىلىك فۇنكسىيىلەرگە ئاساس سالغان.

ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغ بەگ كامالەتكە يەتكەن ئاسترونوم ئىدى. 1437-يىللىرى ئۇنىڭ ئوردىسى ئىلىم-پەن ئوچىقىغا ئايلانغانىدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئاسترونومىيە ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاسترونومىيە ئىلمىنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتەردى.

1720-يىلى يېڭى دېھلىدىكى شاھ ئوردىسىدا مۇھەممەد شاھنىڭ كالېندار ھېسابلاش كىتابى مەيدانغا كېلىپ، ئەينى چاغدا ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئىلغار كالېندار ھېسابلاش ئۇسۇلىدىكى ياي گرادوسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

تارىخ ۋە جۇغراپىيە ساھەسىدە ئىبن خەلىددىن، ئابدۇللا قەزۋىنى، ئىدرىسى، ئەستەخرى، يەئقۇبى، مەسئۇدى، تەبەرى، ئىبن ئەسىر، ئىبن فەزلان، سەفدى، بەكرى، ئىبن ئەساكىر، ئىبن سەئىد، ئىبن ھەۋقەل، ياقوت ھەمەۋى، ئىبن فەقىھ، مەقرەسى، قورامە ئىبن جەئپەر، مەمەدانى قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارمۇ زور نەتىجىلەر قازانغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن بىلەن دەسلەپكى دەۋرلەردىن باشلاپلا چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئالىملارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم-پەن، ئىجادىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى، ئىسلام دىنى بىلەن (ئاخىرى 41-بەتتە)

# ناماز ئوقۇش قائىدىسى

ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا داموللا ھاجى.

ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىمان، ئىككىنچىسى ناماز، ئۈچىنچىسى زاكات، تۆتىنچىسى رامىزان روزىسى، بەشىنچىسى ھەجدۇر. بۇ ماقالىدە ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى بەش تۈۋرۈكىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان نامازنى ئادا قىلىش تەرتىپى تونۇشتۇرۇلدۇ.

## 1. تاھارەت ئېلىش ئۇسۇلى

نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى تاھارەت ئېلىش، بەدەن ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ، ناماز ئوقۇيدىغان يەرنىڭ پاك بولۇشىدۇر.

”تاھارەت“—ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پاكىزلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. فىقھە كىتابلىرىدا تاھارەت بابى كىتابنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. دىنىي ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى نامازدۇر. ناماز ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى. تاھارەت بولسا ناماز ئوقۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەرتى. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، ئاللا سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ“ (5-سۈرە، 6-ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا كىچىك تاھارەت، غۇسلى تاھارەت قىلىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بېرىلگەن، بىرقانچە خىل ئەھۋالدا، تەيەممۇم قىلسا بولىدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن. كىچىك تاھارەت بىلەن غۇسلى تاھارەت بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن.

**تاھارەت ئېلىشنىڭ تەرتىپى مۇنداق:**

1) ”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دەپ باشلىماق؛

2) تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلماق؛

3) ئىستىنجا قىلماق؛

ئىستىنجا قىلىش دېگەنلىك ئالدى پېشاپ بىلەن كەينى پېشاپنى پاكىز سۇ بىلەن يۇيۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر قېتىمقى چوڭ-كىچىك ھاجەتتىن كېيىن ئىستىنجا قىلىش بەلگىلەنگەن. تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان باشقا ئامىللار كۆرۈلمىسە، ئىستىنجا قىلمىسىمۇ بولىدۇ. تاھارەت سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا تاھارەت ئېلىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم ئىستىنجا قىلىش كېرەك. ئاندىن قالغان تاھارەت پەرزلىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئادا قىلىش لازىم.

4) ئىككى قولنى بېغىشىغىچە يۇماق؛

5) ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ ئاغزىنى چايقىماق (غار-غار قىلماق)؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6) بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ يۇماق (مىز-مىز قىلماق)؛

7) يۈزنى چاچ چىققان يەردىن باشلاپ، ئىككى قولاق ۋە ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە ئۈچ قېتىم يۇماق؛

8) ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇماق؛

9) باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلماق؛

10) ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇماق.

## 2. تەيەممۇم قىلىش

پاكىز سۇ تېپىلمىغان چاغدا ياكى سۇ ئىشلە-تىشكە بولمايدىغان چاغدا تەيەممۇم قىلىنىدۇ. ئۇ-نىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1) ئالدى بىلەن نىيەت قىلماق؛

2) پاكىز يەر ياكى تۇپراققا ئىككى قولنى ئۇرۇپ يۈزنى سىلاپ مەسھى قىلماق؛

3) ئىككى ئالقىنىنى يەنە بىر قېتىم تۇپراققا ئۇرۇپ، ئىككى قولنى ئىككى جەينىكىگە سىلىماق.

**تەيەممۇمنىڭ شەرتى:**

(1) تاھارەت ياكى غۇسلى قىلىش توغرا كەلگەندە نامازنىڭ ۋاقتى كېلىپ قېلىپ، تاھارەت ئېلىشقا سۇ تېپىلمىغان ياكى سۇ بولغان ھالەتتىمۇ 3000 مېتىر يىراقلىقتا بولغان بولسا تەيەممۇم قىلى-نىدۇ.

(2) ئازراق سۇ بولۇپ، ئۇ سۇدا تاھارەت ئېلىپ بولسا ئىچىدىغان سۇ قالمىسا، بۇ چاغدا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ، لېكىن سۇ تېپىلغاندا قايتى-دىن تاھارەت ئېلىش لازىم.

## 3. تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئەھۋاللار

1) ئىنساننىڭ ئالدى-كەينىدىن چىققان نەر-سىلەرنىڭ ھەممىسى؛

2) ئەقىل-ھوشىدىن كەتسە؛

3) بەدەندىن قان-يىرىڭ چىقسا؛

4) بەلغەمدىن باشقا نەرسىنى قەي قىلىپ قۇسسا؛

5) بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلىسا؛

6) دورا ياكى باشقا سەۋەبتىن مەست بولسا؛

7) ئىسلام شەرئىتىدە چەكلەنگەن يەنى ھا-رام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلسا؛

8) ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت قىلسا ياكى يامان مەقسەت بىلەن جىنسىي ئەزانى سىيلاپ، تۇتۇپ ئوينىسا؛

9) نامازدا ئاۋازلىق كۈلسە.

## 4. تاھارەتنىڭ سۈننەتلەر

1) نىيەت قىلماق؛

2) "بىسمىللا" دەپ باشلىماق؛

3) ئىككى قولنى بىغىشىغىچە ئۈچ قېتىم يۇماق؛

4) ئاغزىنى ئۈچ قېتىم سۇ بىلەن چايقىماق (غار-غار قىلماق)؛

5) بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئالماق (مىژ-مىژ قىلماق)؛

6) بېشىغا مەسھى قىلماق؛

7) ساقىلىغا خىلال قىلماق؛

8) ئۇششاق قول-پۇتلىرىغا خىلال قىلماق؛

9) قۇلىقىغا مەسھى قىلماق؛

10) ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇماق؛

11) تاھارەتنى تەرتىپ بىلەن ئالماق.

## 5. تاھارەت ۋە غۇسلىدىكى پەرز-لەر

تاھارەتتە تۆت پەرز بار:

1) يۈزنى يۇماق؛

2) قولنى ئىككى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇماق؛

3) بېشىغا مەسھى قىلماق؛

4) ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ

يۇماق.

غۇسلدا ئۈچ پەرز بار:

1) ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غار-غار قىلماق؛

2) بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ مىژ-مىژ قىلماق؛

3) پۈتۈن بەدەننى ئالا قويماي يۇماق.

## 6. نامازنىڭ ۋاقتى ۋە رەكئەتلىرى

"ناماز" پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەب تىلىدا سالات دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار ناماز دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ناماز ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى.

ناماز بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئىبادىتى. نامازنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز قىلىنغانلىقى «قۇرئان كەرىم»دە، ھەدىس كىتابلىرىدا كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەقتە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆز قارىشى بىردەك. مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا شەك-شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ. ناماز ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى. ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم دىنىي پائالىيىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى يەنى مىلادى 623-يىلى "نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللانى ياد ئېتىڭلار (ئاللا سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن)، خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى" (4-سۈرە، 103-ئايەت). دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ناماز تەدرىجىي ھالدا رەسمىي بېكىتىلگەن.

تۆۋەندە ناماز ئۆتەشنىڭ قائىدىسى ۋە رەكئەت سانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

### 1) ناماز بامدات

ۋاقتى سۇبھى سادىقتىن باشلاپ تا كۈن چىققۇچە. سۇبھى سادىق دېگەن سۆز كۈنچىقىشتىن بىر بېرىم سائەت بۇرۇن كۈنچىقىش تەرەپتىن كۆرۈنگەن روشەن يورۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ.

ناماز بامدات ئىككى رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت بولۇپ، سۈننەت ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ.

### 2) ناماز پېشىن

ۋاقتى چۈشتە كۈن تىكلىشىپ سەل ئۆتكەن يەنى كۈنپېتىش تەرەپكە مايىل بولغاندىن باشلاپ سائەت تۆت-بەشلەرگىچە.

ناماز پېشىن ئون رەكئەت بولۇپ، تۆت رەكئەت پەرز، ئالتە رەكئەت سۈننەت. سۈننەتنىڭ تۆت رەكئىتى پەرزدىن ئىلگىرى، ئىككى رەكئىتى پەرزدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

### 3) ناماز دىگەر (ناماز ئەسرى)

ۋاقتى پېشىن نامازنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە بولغان ۋاقىت.

ناماز دىگەر تۆت رەكئەت پەرزدىن ئىبارەت.

### 4) ناماز شام

ۋاقتى كۈن ئولتۇرغاندىن باشلاپ تا كۈنپېتىشتىكى كەچكى شەپەق تۈگىگۈچە.

ناماز شام بەش رەكئەت بولۇپ، ئۈچ رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت، سۈننىتى پەرزدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

### 5) ناماز خۇپتەن

ۋاقتى كەچكى شەپەق يوقالغاندىن ۋاقىتتىن باشلاپ تاڭ يورۇغىچە.

ناماز خۇپتەن توققۇز رەكئەت بولۇپ، تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئۈچ رەكئەت ۋىتىر ۋاجىپتۇر، سۈننەت پەرزدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ئۇخلاپ قېلىپ ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، يادىغا كەلگەن ھامان

ئوقۇسا بولىدۇ. لېكىن ناماز ئۆز ۋاقتى بىلەن پەرز بولىدۇ. ھەر ئىش ئۆز ۋاقتىدا بولغىنىغا يەتمەيدۇ.

سەپەر ئۈستىدە بولسا، تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى قىسقارتىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇسا بولىدۇ.

كېسەل بولسا، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇش كېرەك. ئۆرە تۇرالمىسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، ئولتۇرالمىسا يېتىپ ھەتتا ئىشارەت بىلەن ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

## 7. ناماز ئوقۇش قائىدىسى

1) ناماز ئوقۇيدىغان جاينى تازىلاش ياكى جايناماز سېلىش كېرەك.

2) يۈزنى قىبلىگە قارىتىش كېرەك.

3) نىيەت قىلىش، يەنى "نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى (ياكى ئىككى رەكئەت پەرزىنى)، ئۇشبۇ ۋاقىت ئىچىدە يۈزۈم قىبلىگە، قىبلەم جەھەتى كەئبىگە، ئىقتىدا قىلدىم (ھازىر ئىمامغا) خالىسەن لىللاھى ئالا ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئىككى قولنى مۈرەدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالقىنىنى يېيىپ، باش رمقنى ئىككى قولىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەگكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن "سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبەھەمدىكە ۋەتەبارەكەسمۇكە ۋەتائالاجەددۇكە ۋەلائىلاھەغەيرۇكە" دەپ ئوقۇش.

4) ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى قولنى كىندىك ئۈستىگە قويۇپ، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش:

"ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن. ئەر رەھمانىر رەھىم. مالىكى يەۋمىددىن. ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋەئىيياكە نەستەئىن. ئىھدىنەس سىراتەلمۇستەقىم. سىراتەل لەزىنە ئەنئەمتە ئەلەيھىم. غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەز زاللىن."

5) سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ياندىكى كىشى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا "ئامىن" دېيىش؛

6) سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «قۇرئان كەرىم» دىن قايسى سۈرىنى بىلسە، شۇنى ئوقۇش. مەسىلەن: "قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد. ئاللاھۇس سەمەد. لەم يەلىد ۋەلەم يۇلەد ۋەلەم يەكۇن لەھۇ كۇفۇۋەن ئەھەد"كە ئوخشاش؛

7) ئۇنىڭدىن كېيىن "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ رۇكۇ قىلىش؛

رۇكۇدا ئىككى ئالقىنىنى تىزىغا قويۇپ تۇرۇپ، "سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم"نى ئۈچ قېتىم ئوقۇش؛

8) "سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە" دەپ بېشىنى رۇكۇدىن كۆتۈرۈش. ئىمام بولغان كىشى ياكى يالغۇز ئوقۇغان كىشى مۇشۇ بويىچە ئوقۇش. ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئىمام "سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە" دېگەندە، ئىقتىدا قىلغان كىشى "رەببەناۋەلەكەلھەمدۇ" دەپ ئوقۇش؛

9) "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ سەجدە قىلىش، سەجدىدە "سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا"نى ئۈچ قېتىم ئوقۇش؛

10) "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ سەجدىدىن باشنى كۆتۈرۈش؛

11) "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ يەنە بىر سەجدە قىلىپ، "سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا"نى يەنە ئۈچ قېتىم ئوقۇش.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىرىنچى رەكئەت ناماز تامام بولىدۇ، ئىككىنچى رەكئەت نامازمۇ بىرىنچى رەكئەت نامازغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىككىنچى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ، "ئەتتەھىيياتۇ"نى ئوقۇيدۇ:

"ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەس-

سالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىس سالى-
ھىن. ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەئەش-
ھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇ-
ھۇ.» «ئەتتەھىيياتۇ»دىن كېيىن مۇنۇ دۇئالار
ئوقۇلىدۇ: «ئاللاھۇممەسەللى ئەلامۇھەممەدىن
ۋەئەلا ئالى مۇھەممەد، كەماسەللەيتە ئەلائىب-
راھىمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىم، ئىننەكە ھە-
مىيدۇن مەجىد. ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇ-
ھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەد، كەمابارەك-
تە ئەلائىبراھىمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىم،
ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىد.»، «رەببەنائاتىنا
فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسە-
نەتەن ۋەقىنا ئەزا بەننار.»

بۇلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئەسسالا-
مۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللا» دەپ ئوڭ تەرەپكە، يەنە
«ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللا» دەپ سول تە-
رەپكە قاراپ سالام بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى
رەكئەت ناماز تامام بولىدۇ.

پەرز ناماز ئۈچ رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت
بولسا، ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا «ئەتتەھىييا-
تۇ»نى ئوقۇپ بولۇپلا، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى رەكئەت-
لەرنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە تاماملىغاندىن كې-
يىن، ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە سالام بېرىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ناماز تامام بولىدۇ.

سۈننەت، نەفل نامازلارمۇ يۇقىرىقى تەرتىپ
بويىچە ئوقۇلىدۇ.

ئايال كىشىلەر نامازدا ئىككى قولىنى كۆكسى-
گە ئېلىپ تۇرىدۇ. قولىنى قۇلىقىغا يەتكۈزمەيدۇ.

## 8. ئىككى ھېيت نامىزى-نىڭ ئوقۇلۇشى

ھېيت نامىزى چوڭ مەسچىتلەردە ئوقۇلىدۇ.
روزا ھېيت نامىزى ھىجرىيە شاۋۋال ئېيىنىڭ
1-كۈنى كۈن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.
نامازغا كەلگەن جامائەتلەر مەسچىتكە كىرىپ ئالدى
بىلەن ئىككى رەكئەت مەسچىت نامىزىنى ئوقۇيدۇ.
ئاندىن كېيىن ئىمام رەسمىي نامازنى باشلايدۇ.
جامائەتمۇ: «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئىككى رەك-
ئەت روزا ھېيت نامىزىنى، جەمئىي تەكبىرلىرى
بىلەن، ئۇشبۇ ۋاقىت ئىچىدە يۈزۈم قىبلىگە، قىبلەم
جىھەتى كەئبىگە، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا،
خالىسەن لىللاھى تائالا ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ
قولاق قېقىپ، «سۇبھانەكەئاللاھۇممە»نى ئوقۇيدۇ.
ئاندىن ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ. ئىككىنچى رەك-
ئەتتە قىرائەتتىن كېيىن رۇكۇدىن ئىلگىرى يەنە
ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ. نامازنى تۈگىتىپ سالام
بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام خۇتبە ئوقۇيدۇ.
خۇتبىنى ئاڭلىماق ناھايىتى زۆرۈر.

قۇربان ھېيت نامىزى ھىجرىيە زۇلھەججە ئې-
يىنىڭ 10-كۈنى ئوقۇلىدۇ. ئوقۇلۇشى روزا ھېيت
نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئوخشاش. بۇ ھېيتتا جاما-
ئەتلەر ئۆيدىن چىقىپ مەسچىتكە بارغۇچە «ئاللا-
ھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەل-
لاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە-
لىللاھىلھەمدۇ» دەپ ئوقۇپ ماڭىدۇ. مەسچىتكە
كىرگەن ھامان ئىككى رەكئەت مەسچىت نامىزىنى
ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن روزا ھېيت نامىزىغا ئوخ-
شاش ئوقۇلىدۇ. ئاللا ھەجگە نېسىپ قىلغانلار بول-
سا ھەجدە ئوقۇيدۇ.

## 9. جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

جۈمە نامىزى پەرز ناماز بولۇپ، جۈمە كۈنى
پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. جۈمە نامىزىمۇ چوڭ مەس-
چىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ.

ئوقۇش قائىدىسى مۇنداق: جۈمەگە ئەزان
چىققان ھامان تاھارەتلىك ھالدا مەسچىتكە كىرىپ،
ئالدى بىلەن ئىككى رەكئەت مەسچىت نامىزىنى
ئوقۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن جۈمەنىڭ تۆت رەك-
ئەت سۈننىتى ئوقۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن نامازخان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ئاللانى زىكرى قىلىپ ۋە ياكى نامازلىرىنى ئوقۇپ يا قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. خاتىپ ئاخۇنۇم مۇنبەرگە چىققاندا، ئىككىنچى ئەزان ئوقۇلىدۇ. ئاندىن خاتىپ خۇتبىنى باشلايدۇ. خۇتبە ئوقۇۋېتىپ ئوتتۇردا بىر ئولتۇرۇپ، ئىككىنچى خۇتبىنى ئوقۇيدۇ. خۇتبىنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش كېرەك (خۇتبە ئوقۇغۇچى ئەگەر مۇمكىن بولسا ئەرەبچە ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۆز تىلىدا چۈشەندۈرۈپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى).

خۇتبە تۈگىگەندىن كېيىن تەكبىر ئوقۇلىدۇ، ئىمام جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرز نامىزىنى باشلايدۇ. جامائەت ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ئىككى رەكئەت پەرز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى تامام بولىدۇ.

مەزھەپ ۋە كۆز قاراش پەرقى تۈپەيلىدىن، جۈمە نامىزىغا قوشۇپ پېشىن نامىزىنىمۇ ئوقۇيدىغان ئەھۋال بار. بەزى كۆز قاراشتىكىلەر جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پېشىننىڭ پەقەت تۆت رەكئەت پەرزىنىلا ئوقۇيدىغان ئەھۋالمۇ بار، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا تاماملايدىغانلارمۇ بار.

## 10. مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

مېيىت غەسىل قىلىنىپ كېپەنگە ئېلىنغاندىن كېيىن، جىنازىغا سېلىنىپ مەسچىتكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىمام جىنازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشلايدۇ. جامائەت ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ ۋە ”نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئۇشبۇ جىنازە نامىزىنى، جىمى تەكبىرلىرى بىلەن، يۈزۈم قىبلىگە، قىبلەم جىھەتى كەئبىگە، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا، خالىسەن لىللاھى تائالا ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ ئىچىدە ئوقۇيدۇ. تەكبىر، دۇرۇتلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ-سولغا سالام بېرىدۇ، ناماز تۈگەيدۇ.

## 11. نامازنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مەكرۇھلىرى

### 1) نامازنىڭ پەرزلىرى

**ناماز تېشىدىكى پەرزلەر:**

(1) تاھارەت ئالماق (چوڭ-كىچىك ھاجەتتىن كېيىن)؛

(2) ناماز ئوقۇيدىغان يەر پاكىز بولماق. ئۈستىبېشىدا مەينەتچىلىك بولسا، تازىلىنىشى لازىم، جۇنۇپ بولسا غۇسۇل قىلىش كېرەك؛

(3) ئەۋرەتنى (ئەيىب دەپ قارالغان بەدەننى) ياپماق؛

(4) ناماز باشلاشتا قىبلىگە يۈزلەنمەك؛

(5) نامازنى ۋاقتى كەلگەندە ئوقۇماق؛

(6) ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلماق.

**ناماز ئىچىدىكى پەرزلەر:**

(1) ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ ناماز باشلىماق؛

(2) نامازدا قىيام (ئۆرە) تۇرماق؛

(3) نامازدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى (ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت بولسۇن) ئوقۇماق؛

(4) رۇكۇغا چۈشمەك (تەزىم شەكلىدە بولماق)؛

(5) سەجدە قىلماق (باشنى يەرگە قويماق)؛

(6) نامازدىن كېيىن ”ئەتتەھىياتۇ“نى ئوقۇپ ئوڭ-سولغا سالام بەرمەك.

### 2) نامازنىڭ ۋاجىپلىرى

(1) نامازنى ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ باشلاش؛

(2) نامازنىڭ ھەربىر رەكئەتىدە «فاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇش؛

(3) سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە ياكى ئۈچ قىسقا ئايەتنى قوشۇپ ئوقۇش؛

(4) قىرائەتنى پەرز نامازنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكئەتكە توغرىلاش؛

(5) سەجدىدە بۇرۇننى قول بىلەن باراۋەر

يەرگە تەككۈزۈش؛

(6) ئىككى سەجدىنى كەينى-كەينىدىن قىلىش؛

(7) ئۈچ ۋە تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا بىرىنچى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش؛

(8) ناماز قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش؛

(9) بىرىنچى ئولتۇرۇش ۋە ئىككىنچى ئولتۇرۇشتا ”ئەتتەھىيياتۇ“نى ئوقۇش؛

(10) ۋىتىر نامىزىدا ”قۇنۇت“ دۇئاسىنى ئوقۇش؛

(11) ھەر پەرزنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈش؛

(12) ھەر ۋاجىپنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈش؛

(13) كېيىنكى ئىككى رەكئەتكە فاتىھەنى تەيىن قىلىش؛

(14) فاتىھەنى سۈرىدىن ئىلگىرى ئوقۇش؛

(15) ئاۋازلىق ئوقۇيدىغان يەردە ئاۋازلىق ئوقۇش؛

(16) ئىچىدە ئوقۇيدىغان يەردە ئىچىدە ئوقۇش؛

(17) ئىمام قىرائەت قىلىۋاتقاندا جىم تۇرۇش؛

(18) ئىمام بىلەن ئوقۇشقا كېچىكىپ قالغانلار ئىمام نەگە كەلگەن بولسا شۇ يەردىن ئۇلاپلا ئىمامغا ئەگىشىش؛

(19) ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش؛

(20) بىرىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن ئىلگىرى ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىش؛

(21) ناماز ئاخىرىدا سالام قىلىش.

**3) نامازنىڭ سۈننەتلىرى**

(1) بەش ۋاخ ناماز ۋە جۈمە نامىزىدا ئەزان ۋە قامەت ئوقۇش؛

(2) باشلاش تەكبىرى ۋە ھېيت نامازلىرىنىڭ ئالتە تەكبىرىدە، شۇنداقلا ۋىتىر نامىزىنىڭ قۇنۇت تەكبىرىدە ئەرلەر قوللىرىنى قولاقىغا قەدەر كۆتۈرۈش (ئاياللار مۈرىسىگىچە كۆتۈرسە بولىدۇ)؛

(3) قىيام (ئۆرە تۇرغان) دا قول باغلاش (ئەرلەر ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كىندىك ئاستىغا قويۇپ قول باغلايدۇ، ئاياللار بولسا كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ قول باغلايدۇ)؛

(4) ھەر قېتىملىق نامازنىڭ دەسلىپىدە ”سۇبھانەكە ئاللاھۇممە“نى ئوقۇش ۋە ”ئەئۇزۇ“ بىلەن ”بىسمىللا“نى ئوقۇش؛

(5) فاتىھەدىن ئاۋۋال ”ئەئۇزۇ“ ۋە ”بىسمىللا“ دېيىش؛

(6) فاتىھەدىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا ”ئامىن“ دېيىش؛

(7) قىيام (ئۆرە تۇرغان) دا، ئىككى پۇتنىڭ ئارىسىنى بىر قول كەڭلىكىدە ئوچۇق قالدۇرۇش؛

(8) رۇكۇدا ئىككى تىزنى چىڭ تۇتۇش ۋە تىزنى تۇتقاندا بارماقلىرىنى كۆشادە تۇتۇش؛

(9) رۇكۇدىن تۇرغاندا ”سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە“ ۋە ”رەببەنا ۋە لەكەلھەمدۇ“ دېيىش، سەجدىدىن تۇرۇپ قايتا سەجدىگە باش قويغاندا ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېيىش؛

(10) رۇكۇدا ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم“، سەجدىدە ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا“ دېيىش؛

(11) ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا سەل ئولتۇرۇش؛

(12) ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ”ئەتتەھىيياتۇ“دىن كېيىن ”رەسۇلۇللاغا دۇرۇت“ ئوقۇش؛

(13) ئۆزى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش؛

(14) ئولتۇرغاندا ئەرلەر سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرۇش، ئاياللار بولسا، پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپراق، پاقالچاقلىرىنى بېسىپ ئولتۇرۇش؛

(15) سالام بەرگەندە، ئاۋۋال ئوڭغا، ئاندىن سول تەرەپكە سالام بېرىش؛

(16) بامدات، پېشىن نامازلىرىدا فاتىھەدىن كېيىن ئۇزۇنراق سۈرىنى، دىگەر ۋە خۇپتەن نامىزىدا قىسقىراق سۈرىنى، شام نامىزىدا تېخىمۇ قىسقا سۈرىنى ئوقۇش؛

(17) نامازدا باش بىلەن ساغرا تەرەپ بىر تەكشىلىكتە تىك تۇرۇش، ئېگىلىۋالماسلىق.

**4) نامازنىڭ مەكرۇھلىرى**

ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۆۋەندىكى ئىشلارنى سادىر قىلسا، ناماز مەكرۇھ بولىدۇ:

(1) ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئىختىيارسىز بىر يەرگە يۆلىنىۋالسا؛

(2) ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئوڭ-سولغا ئىرغاڭلاپ تەۋرىنىپ سالسا؛

(3) نامازدا ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇغا بارسا ۋە يانسا؛

(4) ئىمامدىن بۇرۇن سەجدىگە بارسا ۋە يانسا؛

(5) يەرگە چاپلىشىپ تۇرۇپ سەجدە قىلسا؛

(6) ناماز ئۈستىدە ئۆزرىسىز ھالدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالسا؛

(7) رۇكۇ ۋە سەجدىنى بەك ئالدىراپ قىلىۋەتسە؛

(8) نامازدا كىبىرلىسە ۋە ئەسنىسە؛

(9) نامازدا بېرىدىغان سالامنى قول ۋە باش ئىشارىسى بىلەن قىلسا؛

(10) نامازدا بىر سۈرىنى تەكرار ئوقۇسا؛

(11) نامازدا كۆزنى يۇمۇۋالسا ۋە سالام بېرىشتىن ئاۋۋال تەرىنى سۈرتسە؛

(12) رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە تەسبىھ دۇئالىرىنى ئوقۇمىسا؛ رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە ئۆتكەندە تەكبىرلەرنى جاي-جايىدا ھەم ئۆز ۋاقتىدا قىلمىسا؛

(13) سەجدىگاھتىكى قۇم-شېغىل ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش بىلەن مەشغۇل بولسا؛

(14) باشقىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن، خەقنىڭ يېرىدە ناماز ئوقۇسا؛

(15) ئالدىنقى سەپتە بىكار يەر تۇرۇپ كېيىنكى سەپكە تۇرۇۋالسا؛

(16) سەجدە قىلىدىغان تەرەپتە جاندار نەرسىنىڭ سۈرىتى بولسا؛

(17) پاسكىنا جايدا ناماز ئوقۇسا؛

(18) ھاجەت قىستىغاندا ھاجىتىنى تۆكەتمەستىن نامازغا تۇتۇش قىلسا؛

(19) قەبرىگە قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا؛

(20) بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغان سۈرىدىن ئىلگىرىكى سۈرىنى ئىككىنچى رەكئەتتە ئوقۇسا.

**5) نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار**

(1) ناماز ئۈستىدە باشقىلار بىلەن سۆزلەشسە؛

(2) ناماز ئۈستىدە ئۆزگىگە ئاڭلىغۇدەك كۈلسە؛

(3) ناماز ئۈستىدە "ئاھ-ئۇھ" قىلسا؛

(4) ناماز ئۈستىدە مال-دۇنيا ئۈچۈن يىغلىسا؛

(5) ناماز ئۈستىدە باشقىلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالسا؛

(6) كۆكسىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە ئۆرۈسە؛

(7) ناماز ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قولىدىن نەرسە ئالسا؛

(8) چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا قېپقالغان نوقۇت چوڭلۇقىدىكى نەرسىنى يەپ سالسا؛

(9) ئۆزلۈكىدىن ئۇھسىنىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋەتسە؛

(10) ھەرقانداق بىر ئاغرىق سەۋەبىدىن توۋلاپ سالسا؛

(11) تەيەممۇم قىلىپ نامازغا تۇرغان كىشى

ناماز ئۈستىدە سۆز كۆرۈپ قالسا؛

(12) ناماز ئۈستىدە قالايمىقان ھەرىكەت قىلسا؛

(13) ناماز ئۈستىدە ئاياغ كىيىم پۇتىدىن چىقىپ قالسا؛

(14) ناماز ئۈستىدە ئۈچ قېتىم بىرەر يېرىنى قاشلىسا؛

(15) سەجدىدە ئىككى پۇتى بىراقلا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە؛

(16) ئاردا توسۇق بولمىغان ئەھۋالدا ئەر-ئاياللار بىر جايدا ناماز ئوقۇسا؛

(17) ئەر كىشى ئاياللارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا؛

(18) نامازدا كىشىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرسە؛

(19) خەق بىلەن سۆزلەشكەندەك دۇئا قىلسا؛

(20) جاۋاب مەقسىتىدە قۇرئاندىن بىرنەرسە ئوقۇسا؛

(21) ئەۋرەت جايلىرىنى ياپماستىن نامازغا تۇرسا؛

(22) ناماز ئۈستىدە ئەۋرەت جايلىرى مەنئى قىلىنغان دەرىجىدە ئوچۇق قالسا؛

(23) ناماز ئۈستىدە بىكاردىن-بىكار يۆتەلسە؛

(24) ئايەتلەرنى مەنىسى بۇزۇلغان دەرىجىدە خاتا ئوقۇسا؛

(25) نامازدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا؛

(26) ناماز ئۈستىدە ھەيز كۆرۈپ قالسا؛

(27) بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىقىپ قالسا.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى: شىنجاڭ مۇسۇلمانلار سايابەت ئىدارىسىنىڭ باش دىرېكتورى؛ ماقالىنىڭ دىنني تەھرىرى: خوجائابدۇللا قارىي ھاجى.)

(بېشى 23-بەتتە)

**4. ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ياخشى بولۇش**

ھەر خىل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئۆزى قامداشنى ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى يولغا قويغان، قانۇن ئاساسىدا تىجارەت ئېلىپ بارغان، مەسچىتنى مەسچىت كىرىمى بىلەن قامداپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەتكەن بولۇش.

**5. مۇھىت تازىلىقى ياخشى بولۇش**

مەسچىت بىنا قۇرۇلۇشلىرى مۇكەممەل بولۇش، خانىقا، ھۇجرا، ساراپ قاتارلىق خانا ئۆيلىرى ۋە ھويلا-ئاراملار پاكىز-تازا بولۇش، مۇھىت كۆكەرتىلگەن ۋە گۈزەللەشتۈرۈلگەن بولۇش.

(بېشى 32-بەتتە)

زامانىۋى پەنلەرنىڭ بىر-بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇلمىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇنداقلا ئىلىم-پەننى، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى، تىرىشىپ بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

(ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ۋە بۈيۈك تارىخىي ئەسەر «تارىخى ھەمدى»دىكى ئەخلاق قاراشلىرى توغرىسىدا

——— مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللامۇسا سايرامى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 160 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

● مۇھەممەد ئەيسا

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئالىملىرى بۇ دەۋردىكى زور داۋالغۇشلارنى ئەسلەپ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازدى.

ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى، تارىخ ئەھلىنىڭ مەشئەل چىرىغى موللامۇسا بىننى موللائەيسا سايرامى (مىلادى 1836—1917-يىللار) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى ئەمنىيە» ۋە ئۇنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخى ھەمدى» دەل ئەنە شۇ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغان مۇھىم تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

موللامۇسا سايرامى ياشىغان دەۋر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى "مىللەتلەرنى ئۆرپ-ئادىتىگە ئاساسەن باشقۇرۇش" پرىنسىپىنى تەكىتلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان، ئىسلام شەرىئىتى ۋە قانۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان بىر دەۋر ئىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان، دىن تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە دېگۈدەك سىڭگەنىدى. دەل مۇشۇ دەۋردە ياشاپ ۋە ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن ئالىم موللامۇسا سايرامى ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان ھەم يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىسلام ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن ھەم ئەرەب ۋە پارس تىل-يېزىقىدىمۇ كامالەتكە يەتكەنىدى.

موللامۇسا سايرامى چىن ئېتىقاد ئىگىسى بولۇپ، ئاللا پۈتۈن كائىنات ۋە مەخلۇقاتلارنى ياراتقان، ئىنسانلارغا ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەت بەرگەن دەپ چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ھەم كۆپ تەربىيە ئېلىپ ئۆزىدە ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

موللامۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمدى» ناملىق بۇ مەشھۇر ئەسىرىگە شۇ زاماننىڭ ئاساسىي ئىدېئولوگىيىسى بولغان ئىسلامىيەت روھىنى باشتىن ئاياغ سىڭدۈرگەن. بۇنىڭ ئەقەللىي ئىپادىسى شۇكى، موللامۇسا سايرامى بۇ كىتابىنى شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە تۈزگەن، يەنى كىتابىنى ئاۋۋال "بىسمىللا"دىن باشلاپ ئۇلۇغ ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن، ئاندىن چاھارىيارلارغا ۋە ساھابىلەرگە سالام ئىزھار قىلغان.

ئەسەرنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئاللانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرى خۇدا، ئاللا، تەڭرى، ھەق، بايان، ئىلاھا، پادىشاھ، پەرۋەردىگار، قادىر ئىگەم دېگەندەك ناملار بىلەن زىكرى قىلىنغان، ئاللاغا مۇناجات ئوقۇلغان ھەم ئىلتىجا قىلىنغان.

بۇ كىتاب ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممە كىشىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى كۈچلۈك

چاغلىرىدا يېزىلغانچقا، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا، جەمئىيەت قارىشىدا، شۇنداقلا ئەخلاق، سىياسىي، كىشىلىك ھايات قارىشىدا ئىسلام دىنى تۈسى قويۇق ئىپادىلەنگەن.

ئالىم ئىسلام ئەخلاقىي ئەقىدىلىرى بىلەن تەربىيىلەنگەنلىكتىن ئىسلامىيەتنىڭ گۈزەل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە بۇ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ھەمدە ئۆز زامانىدىكى كىشىلەرنى شۇ ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە كۆزەتكەن ۋە بۇ ئۆلچەمنى شۇ زامانىدىكى رېئال ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ئىنتىلگەن. ئادالەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سەممىيلىك، راستچىللىق، كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ئاق كۆڭۈللۈك، خالىسلىق، پاكلىق، سېخىيلىق، يېتىم-يېسىر ۋە ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىش، خەير-ساخاۋەت قىلىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، سەۋرچان-لىق، خۇش پېئىل بولۇش، دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولۇش، شەرم-ھايالىق بولۇش، ھاۋايى ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى تەشەببۇس قىلغان ۋە مەدھىيىلىگەن. ھالبۇكى، بۇلار ھەممە كىشى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەزەلىي ئەخلاق-پەزىلەتلەر ئىدى.

ئىسلامىيەتنىڭ قانۇن ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىلەرگە ئاللاغا ۋە ئىنسانغا دۇرۇس مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ يېڭى ئۆلچەم-مىزانلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى؛ ۋىجدان تارازىسىدىن باشقا پەزىلەت كۆزەتكۈچى، ياخشى-يامانلىقلارنى ھېسابلاپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ غايىبانە نازارىتى ئىسلاملاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ نىيەت ۋە پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەيدىغان بولدى؛ ئىسلام قانۇنى جازالىرى ۋە جامائەت پىكرى ئۇلارنى سىرتتىن چەكلەپ تۇرسا، قىيامەت سورىقى بىلەن دوزاخ ئازابى ئۇلاردىكى ۋىجدانىي ئازاب بىلەن قوشۇلۇپ شەخسنىڭ ئۆزىنى ئىمان ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە تۇتۇش مەسئۇلىيىتى ۋە ئاخىرەتكە بولغان ئىشەنچ ھەم گۈزەل تەسەۋۋۇرنى كۈچەيتتى. بۇ خىل مەدەنىيەت ھەم پسىخولوگىيە ھادىسىسى ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى دېگۈدەك تىزگىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مىڭ يىللاردىن .بېرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنىڭدەك، شەرىئەت ۋە ئىسلام ئەخلاق قاراشلىرى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ياخشى تەرتىپىنى قوغداپ كەلدى.

«تارىخى ھەمىدى»دە ئىپادىلەنگەن ئەخلاق قارىشى ئاساسەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپىنى ئۆزىگە مەنىۋى ئۇل قىلغان، ساۋابلىق ئىش قىلىشنى مەركەز قىلغان دىنىي ئەخلاق قارىشىدۇر.

ئەدەپ-ئەخلاق مەسىلىسى ئىسلام دىنىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ دىنىي تۇرمۇشى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى شەرىئەتكە مۇۋاپىق كەلگەن ياكى كەلمىگەن مەسىلىلەرنى شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن مىزانلاشتۇرۇپ جەمئىيەتتىكى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپلا قالماستىن يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى ئەدەب-ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن قېلىپلاشتۇرىدۇ. ئەگەر شەرىئەتنىڭ تۈرلۈك ئەھكاملىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن مۇئەييەن زورلاش خاراكتېرى-گە ۋە مەلۇم چەكلەش كۈچىگە ئىگە، كىمكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا ئاللاغا سەممىيەتسىزلىك قىلغان ھېسابلىنىپ شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە جازالىنىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا بىر خىل ھەرىكەت مىزانى ۋە ئۆلچىمى سۈپىتىدىكى ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى مۇسۇلمانلارنى يامان، ئەسكى ئىشلاردىن توسۇپ، ياخشى، ساۋابلىق .ئىشلارنى قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ ھەم رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئالىي دىنىي مەكتەپتە يەتتە يىلدىن كۆپرەك مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ھەم تەقۋادار مۇسۇلمان موللا مۇسا سايرامى يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ تەرغىباتچىسى، قوغدىغۇچىسى ھەم ئىجراچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز كىتابىغا

www.uyghurkitap.com

مۇنداق يازىدۇ: "شەرىئەت شەرىپكە توغرا كەلمەيدىغان بىدئەت ئىشلارنى قىلىش دېگەن سۆز بولسا، [illegible] قان تۆكۈش، زىنا قىلىش، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىش ۋە قىمار ئويناش قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، ياكى مۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارغا جاي-ماكان بېرىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۆرۈشمۇ شەرئى شەرىپكە توغرا كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ خىل ئادەملەردىن يىراق بولۇپ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، ئۇلارغا جاي ۋە ماكان تەييارلاپ بېرىپ، ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىپ ياردەم قىلسا، ئۇنداق ئادەم خۇدايىتائالا، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئادەملەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. پەرز ۋە ۋاجىپ بولسا ئارتۇقچە سەدىقە خەيرىياتلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇڭلاشقا بۇنداق ئىشلار ۋە شەرئى شەرىپكە خىلاپ بولغان ھەرقانداق ئىشتىن ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىش ئەلۋەتتە ۋاجىپتۇر." («تارىخى ھەمدى»، 698-بەت.)

«قۇرئان كەرىم» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلاردىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەيلى ئۇرۇق-تۇغقان ياكى قولۇم-قوشنا بولسۇن، مەيلى ئەزىز، باي ياكى خار، كەمبەغەل بولسۇن، شەرىئەتتە چوقۇم ئادىل بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، سەۋرچان بولۇش، ئەپۇچان بولۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن پەزىلەتلەر تەلەپ قىلىنىدۇ.

سۆزسىزكى، ئالىم يۇقىرىقى پىكىر ۋە قاراشلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللايدۇ. ئالىم يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "دېمەك، پۇقرا-خالايىقنىڭ مول مەئىشىتى ۋە تىنچ-پاراۋانلىقىنى كۆزلەپ ئادالەت ۋە ئىنساپ يولىنى ئۆزىگە لازىم تۇتقانلار ئۇنىڭ نەتىجە ئەسراتىنى ۋە مۇكاپاتىنى بۇ ئالەمدە ئوچۇق كۆرەلەيدۇ. پۇقرا خالايىقنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئېھتىيات قىلغانلارمۇ ئۇنىڭ نەتىجە ۋە ئەسراتىنى بۇ رەھمىسىز ئالەمدىن كۆرەلەيدۇ. لېكىن، ياخشىلىق قىلغانلار بولسا، قىيامەت كۈنىدە خۇددى ئايەت كەرىمدە كۆرسىتىلگەندەك نەئىم ئاتلىق جەننەتتى فىردەۋسنى جاي-ماكان قىلىشى ھەقىقەتتۇر. مۇبادا يامان خۇلق-مىجەزنى ئۆزىگە لازىم تۇتقانلار بولسا، ئۇلارمۇ خۇددى ئايەت كەرىمدە كۆرسىتىلگەندەك جەھەم ئاتلىق دوزاختا سىقىم ۋە ئازاب-ئەلەملەرگە مۇپتىلا بولۇپ ئەبەدىلئەبەت بۇ جايدا قېلىشىمۇ ھەقىقەتتۇر." («تارىخى ھەمدى»، 562-بەت.)

ئىسلام دىنى بۇ دۇنيالىقىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشىنىڭ ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشىنىڭ قىسقا، ئۆتكۈنچى بولىدىغانلىقىنى، ئۇ دۇنيالىق تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك، گۈزەل بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت ئىزدەيدىغان بۇ نۇقتىئىنەزىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي تۇرمۇشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىم بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى نەزمىلىرىنى قالدۇرىدۇ:

"... ... ... ...

تا فەلەك بىلدى تەئەددى فاننى،
قايسىدىن ئالمادى ئۆزى بەرگەننى
... ... ... ...
لوتىپ قىلغاي ئاتا كىم ھەيىيى غەفۇر①،
دۇنياۋى ئاخىرەتى نى مەئمۇر②."

(«تارىخى ھەمىدى»، 495-بەت.)

ئالىم بۇ تارىخىي ئەسىرىدە مەغرۇرلانماسلىق، كەمتەر بولۇش، سەممىي بولۇش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كۆز قارىشى ئەخلاق كۆز قارىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئىككى تەرەپ بولۇپ، بارلىق ئەخلاق ھادىسىلىرى ۋە چۈشەنچىلىرى مۇشۇ ئىككى نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىمۇ ياخشىلىققا ساۋاب، يامانلىققا ئازاب كېلىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئالىم بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: "ھەرقانداق ئادەم بۇ ئالەم زىرائەتگاھىغا ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئۇرۇقىنى چاچسا، ئۇ ھامان بۇ باقى ئالەمدە ئۇنىڭ ھوسۇلىنى كۆرمەي، لەززىتىنى ئېتىماي تۇرۇپ ئاخىرەت ئالىمىگە كەتمەيدۇ."
(«تارىخى ھەمىدى»، 376-بەت.)

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئالىم ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق نەزمە توقۇيدۇ:

"نېمەتنىڭ ئارتار شۇكرانە نېمەت ئەيلەسەڭ،
قوللارىڭدىن پات كېتەر كۇفۇرانە نېمەت ئەيلىسەڭ.
... ... ... ...
يامان قىلماق يامان پەيدا قىلۇر، ياخشى ئىش ياخشى،
ئارپادىن ئۈنەر ئارپا، كى بۇغدايدىن ئۈنەر بۇغداي."
(«تارىخى ھەمىدى»، 560—559-بەتلەر.)

ئالىم كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەم ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەرنى كۈيلەيدۇ: "خاھى ئالىي دەرىجىلىك پادىشاھلار بولسۇن، ياكى ئاجىز گاداي ۋە بىئېتىبارلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ بەش كۈنلۈك دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ دۇنيادىن كەتمەكلىكىنى نېسىپ قىلغايسەن." («تارىخى ھەمىدى»، 525-بەت.)

"جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچمەيدۇ،
يامان قىلغان ئادەمنى قايان كەتتى دېمەس ھېچكىم."
(«تارىخى ھەمىدى»، 561-بەت.)

موللامۇسا سايرامى كىشىلەرنىڭ ئۆز زاتىنى ئۇنتۇماي، ئاللا ئاتا قىلغان ئەسلى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاللا بۇيرۇغان ئەقىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى لازىملىقىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇسال ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى كىنايىلىك قىلىپ:

"ئۆرگىنەي دەپ قارغا كەكلىك ماڭىشىن،
ئۆرگىنەلمەي ئۇنتۇتى ئۆز ماڭىشىن" دەپ يازىدۇ.
(«تارىخى ھەمىدى»، 387-بەت.)

بوھتان، ئويدۇرمىچىلىق، يالغانچىلىق ئىللەتلىرى بۈگۈنكى كۈندىلا ئەمەس، قەدىمدىن قارىشى تۇرۇپ كېلىنىۋاتقان، ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرىغا ئۇيغۇن بولمىغان ناچار ئىللەتلەر. ئالىم بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: "...ئۆزىچە ئويدۇرۇپ تەييارلاپ چىققان خاتا سۆزلىرىنى راستلىق دەرىجىسىدە جارى قىلىمەن دېگەنلىك بولسا، گويا ئۆرۈمچەك يىپىنى تۇتۇپ ئاسمانغا چىقىمەن دېگەن يامان خىيال ۋە ئەسكى سەۋدالىقتىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەرسە ئەمەس.“ («تارىخى ھەمىدى»، 701-بەت.)

ئالىم ئەسەرىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە ھەسەتخورلۇق، تەرەپبازلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئىلىپ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلىرىنى تورغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلارلىق ئېچىپ كۆرسەتتى.

بىزگە مەلۇم، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى قانۇن ۋە ئەخلاق بىلەن قوغدىلىدۇ. ۋەھالەنكى، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ رولىنى تەڭ ئۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئەخلاق چەكلىگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قانۇن چەكلەپ كېتەلمەيدۇ. ئەخلاق ئادەمدىكى ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىزگۈ روھ، شۇنداقلا ئادەمدىكى ئۆزلۈك تەرتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانۇندىنمۇ چوڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئەمما ئۇ قانۇنغا تايانمىسا، بۇ ھاياتىي كۈچىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئىسلام دىنى بىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇڭا يىمىرىلمەس بىر مەنىۋى بىرلىك ئىسلام ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىششى ۋە گۈللىنىشنى بارلىققا كەلتۈردى. مۇبادا ئىسلام ئەخلاقىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىنسا، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى چىڭىتىش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ھەم ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ھەم ئەدىب موللامۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق بۇيۈك ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىسلام ئەدەب-ئەخلاق قاراشلىرىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەنە شۇنداق ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

① ھېيى غەفۇر ـــــ گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى ئاللا. ② مەئمۇر ـــــ باي، ئاۋاتچىلىق.

(ئاپتۇر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتىدىن.)

# ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار مىسىرغا يۈرۈپ كەتتى

جۇڭگو-مىسىر ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمگە ئاساسەن، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بۇ يىل جۇڭگودىن ئەۋەتىلىدىغان 21 نەپەر ئوقۇغۇچى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭدىن قاھىرەگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، ئالدى بىلەن بۇ يىل 5-ئايدا جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان ”چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار كۇرسى“غا قاتناشقان ۋە 7-ئاينىڭ باشلىرىدا مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ تاللاش سىنىقىدىن ئۆتكەنلەر ئىدى. ئۇلار ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارنى مەخسۇس ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، چەت ئەلگە چىقىش تەربىيىسى ئېلىپ باردى. «ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە سىياسەتلەر»، «ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى»، «تاشقى ئىشلار ئىنتىزامى»، «مىسىر ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش»قا ئوخشاش تېمىلار ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم لېكسىيە بېرىلدى. ئاخىردا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋەن ياۋبىڭ، ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن كۈتىدىغان سەممىي تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى. (مەھمۇدى)

# گۈللەپ ياشناۋاتقان فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسى

مالىك مىيان

خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې شەھىرى تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ بۇ يەرگە ماكانلاشقانلىقىنىڭ 625 يىللىقىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشكە جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان بىرمەزگىلدە، بۇ ناھىيىنىڭ فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 1996-يىل 10-ئاينىڭ 9-كۈنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بۇ مىللىي يېزىنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن مۇبارەكلەپ تەبرىك بېغىشلىمىسى ئەۋەتتى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت-تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تيەن شىباۋ باشچىلىقىدا سىياسىي قانۇن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلەت ئابدۇراخمان، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇماخۇن نىياز، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئۇيغۇرشۇناس ياڭ شىڭمىن، مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ نەشرىيات باشلىقى ياردەمچىسى ۋە ئىشخانا مۇدىرى ئەركىن قادىر، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت-تەشۋىقات مەھكىمىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىمىت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالاھىدە كېلىپ بۇ قۇتلۇق بايرامنى قىزغىن تەبرىكلىدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ، خېنەن قاتارلىق جايلاردىنمۇ ۋەكىل كېلىپ تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. خۇنەن ئۆلكىسى، چاڭدې شەھىرى، تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە چىگىلىن خۇيزۇ-ئۇيغۇر يېزىسى قاتارلىق قوشنا يېزا-كەنتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتنىشىپ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى. مەنمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن بۇ تەنتەنىلىك مەركىگە قاتناشتىم ھەم مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار ۋە خادىملار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم، شۇنداقلا جاڭجياجې، چاڭشا، شاۋشەن قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدىم. تەبرىكلەش مەركىسىگە قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا بىرمۇنچە جەھەتلەردىن چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى سەككىز مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتىدىن ئارتۇقى تاۋيۈەن ناھىيىسىگە جايلاشقان، بولۇپمۇ تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسىغا تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 70 پىرسەنتىگە يېقىن قىسمى جايلاشقان.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئەسلىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (1210-يىل ئەتراپىدا) ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھەربىي باش قوماندانى خال باشچىلىقىدا ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېلىنگەن مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇنىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى (1371-يىلى) مىڭ سۇلالىسى خاقانى جۇيۈەنجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خالنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى خالباش باشچىلىقىدا بۇ يەرگە ماكانلاشقان، بۇ يىل ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ماكانلاشقانلىقىنىڭ دەل 625 يىللىقى.

www.uyghurkitap.com

فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسى 1986-يىلى 8-ئايدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدە ناھايىتى نامرات بولغان بۇ يېزا تارىخدا مىسلىسىز تەرەققىياتلار بولغان. بۇ يېزىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ يېزا ئىگىلىك، سودا-سانائەت، خەلق تۇرمۇشى، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

يېزا ئىگىلىك جەھەتتە، 1995-يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 520 كىلوگرامغا يېتىپ، ئون يىل بۇرۇنقىدىن 101.3 پىرسەنت ئاشقان. پاختا، مايلىق دان، مېۋە-چېۋە، سۇ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ زور دەرىجىدە ئاشقان. نەتىجىدە، 1995-يىلى يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1986-يىلدىكىدىن سەككىز ھەسسە ئاشقان.

"سانائەت روناق تاپقاندىلا يېزا ئىگىلىكى قۇدرەت تاپالايدۇ" دېگەن بۇ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە دېھقانچىلىقنى دەسمايە قىلىپ كەلگەن بۇ يېزىدا يېزا-بازار كارخانىلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك كەينى-كەينىدىن كۆپەيگەن ۋە ئۆسۈپ گۈللىگەن. 96-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە يېزا-بازار كارخانىلىرى 106 گە يەتكەن، يېزا بويىچە 95-يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 86-يىلدىكىدىن 264.7 پىرسەنت ئاشقان. بۇ يېزا باشقۇرۇشىدىكى ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ يېزا كارخانىلىرىدىن بولغان 2-توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنى-دىكەن، ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون يۈەندىن ئاشىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەر-نىڭ ئۆز ئالدىغا 337 ئائىلە كارخانىسى، 300 دىن ئارتۇق سودا دۇكىنى بار ئىكەن.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن: 1995-يىل يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 1355 يۈەنگە يېتىپ، 1986-يىلدىكىدىن 482.47 پىرسەنت ئاشقان. ئون يىلدىن بېرى 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئائىلە يېڭى ئۆي سېلىۋالغان. يېزا بويىچە تۆتتىن بىر قىسىم ئائىلە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن.

بۇ يېزىدا ئون يىلدىن بېرى مائارىپ ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلىپ، مەكتەپ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان؛ 86-يىلى 60 نەچچە مو يەرگە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىنغان، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ كېڭەيتىلگەنىكەن؛ ئون يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ئوتتۇرا مەكتەپتە يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلە بىناسى قاتارلىقلار سېلىنىپ، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئالتە مىڭ كۋادرات مېترغا يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىمۇ ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارغان. نەتىجىدە 93-يىلدىن 96-يىلغىچە بۇ مەكتەپتىن نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومغا چىققانلار سانى ناھىيە بويىچە ئىزچىل بىرىنچى بولۇپ كەلگەن.

ئون يىلدىن بېرى سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، داۋالىنىش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان. يېزىدا ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل مىللىي دوختۇرخانا، 23 داۋالىنىش پونكىتى قۇرۇلغان.

بۇ يېزا خەلق ئىگىلىكىنىڭ كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىشى بىلەن بىرۋاقىتتا، يېزىدىكى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن، خەلقنىڭ مەنىۋى(ئاخىرى 50-بەتتە)

# خېنەن ئۆلكىسىدىكى "جيەن" فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن

## هاجى مەھمۇدى

خېنەن ئۆلكىسى چاڭگې شەھىرى كونا شەھەر بازىرىغا تەۋە يىنجياتاڭ كەنتىدە 138 ئائىلە 780 نوپۇسلۇق "جيەن" فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلاردا ئۇرۇق-جەمەت شەجەرىسى قالدۇرۇلمىغان، ئەمما قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىنى خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى "جيەن" فامىلىلىكلەر (ئۇيغۇرلار) جەمەتىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئەجدادلىرى دېيىدىغان رىۋايەت ساقلانغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى جيەن بوزەن (ئۇيغۇر) ئەپەندىنىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە، چاڭگېدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرى ھەقىقەتەن تاۋيۈەن ناھىيىسىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغانىكەن. تاۋيۈەندىكى «جيەن فامىلىلىكلەر شەجەرىسى» (ئالدىنقى ئون ئەۋلادنىڭ رەسمەلىك خاتىرىسى)دە تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۆتىنچى بوۋىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى دىڭدىنىڭ خېنەنگە ئەمەلدار بولغانلىقى، رەپىقىسى ما خېنىم بىلەن بىللە چاڭگېغا دەپنە قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئۇ يەردىكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ دىڭدىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار تاۋيۈەندىكى "جيەن" فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزئارا ۋەكىل ئەۋەتىشىپ تۇرغان، قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىشقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، بىر مىللەت —ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قەدەم قارارلاشتۇرغان. مۇشۇ ئاساستا، يىنجياتاڭدىكى "جيەن" فامىلىلىك نەچچە يۈز ئادەم 1995-يىل قىشتا بىرلىكتە كېڭىشىپ "چاڭگې شەھىرى ئۇيغۇرلار ("جيەن" فامىلىلىكلەر)نىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىش ئۇيۇشمىسى" قۇرغان ۋە جيەن جىنچاڭ، جيەن شۈجيەنلەرنى رەئىس قىلىپ سايلىغان ھەمدە چاڭگې شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە يوللاپ ئەنگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان. شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1995-يىل 12-ئايدا بۇنى تەستىقلاپ، ئۇلارغا ئىجازەتنامە بەرگەن. 1996-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى (جۈمە كۈنى) ئۇلار يىنجياتاڭدا جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئاچقان، بۇ يىغىنغا چاڭگې شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، چاڭگې شەھىرى كونا شەھەر بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ۋە چاڭگې شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتنىشىپ تەبرىكلىگەن. يىنجياتاڭ كەنتىدىكى خەنزۇ ئاممىسى ۋە قوشنا كەنتلەردىكى خۇيزۇ جامائىتىمۇ كېلىپ قىزغىن تەبرىكلەشكەن، شۇنداقلا خۇيزۇ جامائىتى كەينى-كەينىدىن كېلىپ ئۇلارغا ئىئانە بەرگەن.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئەسلىدە شۇ يەردىكى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادتا ئىدى. دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە ئاساسەن ئۇلار ئومۇمىي جەمەت كېڭىشى ئۆتكۈزۈپ، تاۋيۈەندىكى "جيەن" فامىلىلىك ئۇيغۇرلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىردەك بولۇش، كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادنى ۋە خۇراپاتلىقنى تاشلاپ، ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ، مىللەت ئامىللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش قارارىغا كەلگەن. شۇنداقلا يېڭىدىن خانىقا، ئەر-ئاياللار سەرايى، خالا، ھويلا ئارامى مۇكەممەل بىر مەسچىت سالغان. ھازىرچە ئۆزلىرىدىن ئىمام ۋە دىنىي خادىملار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان بەيجەي كەنتىدىكى خۇيزۇ مەسچىتىنىڭ ئاخۇنىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتىدە ۋەز ئېيتقۇزىدىكەن ۋە جۈمە نامىزىغا ئىماملىق قىلغۇزىدىكەن. ئۇلار يەنە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ياشلاردىن بىرنەچچىسىنى بەيجەي مەسچىتىگە ئەرەبچە ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ئۇ يەردە ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىۋېتىپتۇ ۋە دىنىي ئەمەللەرنى ئەستايىدىل بېجىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار ھەر جۈمە كۈنى ئۆز مەھەللىسىدىكى يېڭى مەسچىتكە قايتىپ كېلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇپ، بۇ مەسچىتنىڭ جۈمەلىك كەيپىياتىنى كۈچەيتىدىكەن. ھازىرچە بۇ مەسچىتتە پەقەت يىگىرمە، ئوتتۇزدەك ئادەم جۈمە نامىزى ئوقۇيدىكەن، ئەمما جۈمە نامىزىغا كېلىدىغانلار تەدرىجىي كۆپىيىۋېتىپتۇ.

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوشۇمچە باقمىچىلىق قىلىپ ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى شۇ كەنتتىكى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئوقۇش يېشىدىكى "جىيەن" فامىلىلىك باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىمۇ شۇ كەنتتىكى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ توقسان پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان بەيجەي خۇيزۇ كەنتىگە بىرنەچچە ياشلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دۈچ كەلگەن بەزى تارىخىي مەسىلىلەرنى رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا پەيدىنپەي، مۇۋاپىق ھەل قىلىش يولىدا تىرىشىۋېتىپتۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئەقىلغە مۇۋاپىق بەزى بەلگىلىمىلەرنىمۇ تۈزۈپ چىقىپتۇ.

(ياڭ يۈيرۈنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.)

(بېشى 48-بەتتە)

تۇرمۇشى بېيىغان، مىللىي مەدەنىيەت مەركىزى، دولقۇنلۇق رادىئو ئۇزىلى، سىملىق تېلېۋىزىيە كۈچەيتىش ئىستانسىسى، پروگراممىلىق تېلېفون قاتارلىقلار كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلگەن.

فېڭشۇ يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار ھازىر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن فېڭشۇ يېزىسىنى تېخىمۇ باياشات ۋە زامانىۋى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بەل باغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇن يىللىق تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، شەرت-شارائىت ھەرقانچە ناچار بولغان تەقدىردىمۇ، كەڭ ئامما پەقەت بىردىل-بىرنىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ تىرىشىپ ئىگىلىك يارىتىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ناچار شارائىتنىمۇ ئۆزگەرتىپ باياشاتلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلىرى بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمىز.

(ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.)

# قاھىرە ئىسلام مۇھاكىمىسى

●ئابدۇرەھىم ئىمىن

مىسىر جۇمھۇرىيىتى دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئەزھەر شەيخىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەن ۋە ئادىل ھاجى كېرىم ئىككىمىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالەتەن، 1996-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ئىشلىرى ئالىي كېڭەش ھەيئىتىنىڭ 8-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتۇق.

ئىسلام ئىشلىرى ئالىي كېڭەش ھەيئىتى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان خەلقئارالىق دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ھەر يىلى نۆۋەتتە ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى «ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيەت مەنزىرىسى» دېگەن تېمىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار يىغىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، بۇ يىغىنغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل دۆلەت ئىشلار مىنىستىرلىرى، دۆلەت مۇپتىسى، ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، 77 دۆلەت ۋە تەشكىلاتتىن ۋەكىل قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خرىستىئان ۋە كاتولىك دىنلىرىغا ۋەكالەتەن گېرمانىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى شمىت، ۋاتىكان رىم پاپاسىنىڭ ۋەكىلى، مىسىردىكى كاتولىك، خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنىڭدەك غەرب دۆلەتلىرىدىكى شەرقشۇناسلارمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

7-ئاينىڭ 24-كۈنى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىنىنىڭ باش سېكرېتارى دوكتۇر مۇھەممەد فايۇمى ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئەزھەر شەيخى دوكتۇر مۇھەممەد تانتاۋى، مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرى دوكتۇر مەھمۇد زاقزۇق، مىسىر خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ پوپى شۇنۇد قاتارلىقلار نۇتۇق سۆزلىدى ۋە مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرى زاقزۇق مىسىر جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ھۆسنى مۇبارەكنىڭ تەبرىك سۆزىنى ۋەكالەتەن ئوقۇپ ئۆتتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى باشلىنىپ، گۇرۇپپىلار «سۆھبەت ۋە كۆرەش»، «ھەرقايسى دىنلار ئارا سۆھبەت»، «سۆھبەت ۋە ئېكسترېمىزم»، «ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانلار ئارا تىنچ بىللە ياشاش» دېگەن تۆت تېما بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. مۇزاكىرىگە ھەركىم ئۆزىنىڭ قىزىققان تېمىسى بويىچە ئىختىيارىي قاتناشتى. مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە يىغىن كاتىبات باشقارمىسى يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، تەييارلىق خىزمىتىنى ئىنچىكىلەپ ئىشلىگەنلىكتىن يىغىن باشتىن ئاياغ ئۇنۇملۇك بولدى.

7-ئاينىڭ 27-كۈنى يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، «قاھىرە خىتابنامىسى» ماقۇللاندى. كەچتە، قاھىرە خەلقئارالىق يىغىن زالىدا مەۋلۇت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ كېچىلىكتە مىسىر پرېزىدېنتى ھۆسنى مۇبارەك يىغىن ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ تېمىسى ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئۇيغۇن بولغانلىقتىن بۇ تېما ئومۇمىي خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا مۇھاكىمە يىغىنى ئەستايىدىل قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى. شۇنىڭدەك بۇ يىغىن ئوتتۇرا

شەرق تىنچلىق مۇساپىسى مۇھىم ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە ئېچىلغانلىقتىن پۈتۈن دۇنيا مەتبۇئاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيانىڭ ئىككى چوڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىمۇ ئوخشاشلا دەۋرنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن، تىنچلىقتا مۇقىم بولغان ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىت يارىتىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا، يىغىندا ماقۇللانغان «قاھىرە خىتابنامىسى» پۈتۈن يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭدا ”ئىسلام دىنى ئاللانىڭ دىنى، تىنچلىق دىنى، ئۇ زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ تىنچ-ئامانلىقى، بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. كىشىلەر ئارا ۋە ھەرقايسى دىنلار ئارا تىنچ بىللە ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ“ دەپ تەكىتلەندى.

يىغىن جەريانىدا، دەم ئېلىش ۋاقتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مىسىرلىق ئۆلىمالار ۋە باشقا دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن دوستانە ئۇچرىشىپ، شۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدۇق، ئۇلارغا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق ۋە سالاملىرىنى يەتكۈزدۇق، مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زاقزۇقنى، ئىسلام ئالىي كېڭەش ھەيئىتى باش سېكرېتارى مۇھەممەد ئىبراھىم فايۇمنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشتۇق، سۆھبەتتە مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىزنى يىغىنغا تەكلىپ قىلغانلىقى، جۇڭگو مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشىغا ۋە ئىماملار كۇرسىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەرگەنلىكىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن رەھمەت ئېيتتۇق. مىنىستىر زاقزۇق مۇنداق دېدى: ”مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولۇۋاتىدۇ، بىز مۇنداق ھەمكارلىشىشنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمىز“.

بىز يىغىن جەريانىدا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇش-تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇق. سۆھبەت جەريانىدا، ئۇلارنى ھازىرقى ئوقۇش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ، كەلگۈسىدە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مۇكەممەل ئاساس قۇرۇشقا رىغبەتلەندۇردۇق.

(ئاپتور جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.)

## ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار ساياھەت ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

ھىندونېزىيە ياۋا ئىسلام بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن باشچىلىقىدىكى ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار ساياھەت ئۆمىكى 18 ئادەم 10-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، خەلقئارا بۆلۈم باشلىقى مۇستاپا ياڭ جىبو قاتارلىقلار ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شەمشىدىن ھاجى جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۇلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. ئاخىردا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى، ئۇلارمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە سەدىقە ئاتىدى.

(مەھمۇدى)

# ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى تۈگەتكەن ئايال — زۇبەيدە خېنىم

ھارۇن رەشىدخاننىڭ خانىشى (خان رەپىقىسى) زۇبەيدە خېنىم ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدە مۇھىم رول ئويناپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىززەت-ئابروي قازانغانلىقتىن "ئەمىن ئانا" دېگەن گۈزەل نام بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بۇ خانىش ھىجرىيە 186-يىلى مۇقەددەس جاي—مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ يەردە سۇنىڭ گويا مايدەك قىممەت ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ نۆۋەتتە كىشىلەر ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئىنتايىن جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆلەتنىڭ خەزىنە ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بىر تۈركۈم ئۇستا ۋە ھاشارچىلارنى يىغىپ كېلىپ "ھەنىنى بۇلىقى"نى مەركەز قىلغان ھالدا تاغدىكى بۇلاقلارنى تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى مەككە شەھىرىگە بىۋاسىتە باشلاپ كىرىشكە ئەمر قىلغان. ئۇستا ۋە ھاشارچىلار جاپا-مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەردىن قورقماي، ئىش ئورنىدا كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ، ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئاستى ئۆستىڭىنى قېزىپ چىققان. يەرلىك ئاھالە ۋە ھاجىلار كېچە-كۈندۈز تەشنا بولۇپ كەلگەن تاتلىق بۇلاق سۈيى ئاخىر مەككە شەھىرىگە ئېقىپ كىرگەن. تا بۈگۈنگە قەدەر تاتلىق بۇلاق سۈيى يەنىلا توختىماي ئېقىپ تۇرماقتا. كىشىلەر بۇ خانىشنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن "ھەنىنى بۇلىقى"نىڭ نامىنى "زۇبەيدە بۇلىقى" دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇ چاغدىن باشلاپ، كىشىلەر شور سۇنىمۇ نورمىلىق ئىچەلىدىغان كۈنلەر ئەبەدىي كەلمەسكە كەتكەن. زۇبەيدە خېنىم يەنە بىر ساۋابلىق ئىش قىلغان، يەنى ئىراقتىن ھىجازغا كېلىدىغان "ھاجى يولى"نى ياساتقان، بۇ چوڭ يول بىپايان قۇملۇق چۆلنى بېسىپ ئۆتكەن، يول بويىغا ئۆتەڭلەر قۇرۇلغان، نۇرغۇن قۇدۇقلار قېزىلغان، بۇ ئارقىلىق يولۇچىلارنى قونالغۇ ۋە سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. "ھاجى يولى" يەنى ھازىرقى "زۇبەيدە يولى" ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ ھەممىگە تونۇلغان. زۇبەيدە خېنىم ئاشۇ نۆۋەتلىك ھەج سەپىرىدە پارلاۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن بايلىق سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئىراقتىكى «زۇبەيدە شەجەرىسى»دە خاتىرىلەنگەن.

ھارۇن رەشىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن زۇبەيدە خېنىم پەرىشانلىق، بىئاراملىق ۋە قايغۇ-ئەلەملەر ئىچىدە كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغان ۋە ھىجرىيە 216-يىل 5-ئايدا باغداتتا ئاغرىق سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. («ئەل ئېھرام» گېزىتىدىن ئېلىندى.)

بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى شەمشىدىن ھاجى ۋە رىشىت ۋاھىدىلار ئىشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنى تۇرپان شەھرىدە 1996-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىن كەلگەن ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر، خۇيزۇ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئارىز ھامۇت تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا كەلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجىمنىڭ 2-سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ماقۇللىدى.

يىغىن يەنە، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىسىنى ۋە مېيت ئۇزۇتۇش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. يىغىندا يەنە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ توقسۇندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا ياردەم بەرگەن مەسچىت، دىنىي زات ۋە بىر قىسىم ئاممىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يىغىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ دائىمىي ھەيئىتى ۋە تۆت ھەيئەت ئەزاسىنى تولۇقلاپ سايلاپ چىقتى. (شاھىمەردان)

## پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1996-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى ئەستايىدىل خۇلاسە قىلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى بىرمەزگىللىك خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنداقلا ناھىيىمىزدىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى بەلگىلەش ۋە قالدۇرۇش چارىسى»، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى تەپسىر قىلىشتىكى پرىنسىپ ۋە مەزمۇنلار»، «مەسچىتلەرنىڭ مال-مۈلۈك، كىرىم-چىقىمنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «مەسچىتلەرنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «مەسچىتلەرنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «مەسچىتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى» قاتارلىق تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر ماقۇللىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەرقايسى مەسچىت، دىنىي زات ۋە

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قائىدە-تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى تەلەپ قىلىندى.

يىغىندا يەنە «ۋەتەنپەرۋەر، ياش دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيلەش كۇرسى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ» لايىھىسى قاراپ چىقىلدى ھەم ماقۇللاندى.

يىغىندا ئىسلام جەمئىيتى رەھبەرلىك قاتلىمىغا قارىتا تولۇقلاش سايلىمى بولدى. ئابلەت ئۆمەر، روزى رەھىملەر جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەتتوختى نورۇز، ئابدۇقادىر يۇسۇپلەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. يولداش روزى رەھىم قوشۇمچە باش كاتىپلىقنى ئۆتەشكە بەلگىلەندى.

يىغىن ئاخىرىدا ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلەت ناسىر، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەخمەت قۇربانىنيازلار مۇھىم سۆز قىلىپ، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە يىغىندا چىقىرىلغان قارارلارنىڭ ناھىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ھەم توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇ قائىدە-تۈزۈملەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى، بولۇپمۇ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىسلام دىنى خىزمىتىگە تەتبىقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەشتە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىشى لازىملىقىنى ھەمدە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەلەپ-تەكلىپلىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. (روزى رەھىم)

## تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيتى قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان قارىيلارنى تاللاش ئۈچۈن 1996-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋىلايەت بويىچە قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى تاللاش مۇسابىقىسىغا ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن 14 نەپەر قىرائەتچى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى تاللاش مۇسابىقىسىنىڭ باھالاش ھەيئەتلىكى ئىلمىي تەجۋىد قائىدىسى ۋە قىرائەتتىن تولۇق خەۋىرى بار يەتتە نەپەر ئۆلىما، ئاخۇن-قارىيلاردىن تەركىب تاپتى. ھەيئەت باشلىقلىقنى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجى ئۆتىدى. مۇئاۋىن رەئىس زۇنۇن ئىسمائىل تاللاش مۇسابىقىسىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇسابىقە ئاخىرىدا باھالاش ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئەستايىدىل نومۇر قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، مەڭسۇر ھاجى ۋە غوجامنىياز قارىي ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تاللاش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تاللاندى.

بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ۋىلايىتىمىزنىڭ دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىكى تالىپلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىدلىك قىرائەت قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەجۋىدلىك قىرائەتنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا بۇندىن كېيىن ۋىلايىتىمىزدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا مەدەت بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى تاللاش مۇسابىقىسى ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى.

(شاھمەردان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بۇگۇر ناھىيىسىدە مېيىت يۇغۇچىلار (غەسسالەر)نى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

بۇگۇر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ھۆكۈمەت مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە ئىككى ئورۇندا مېيىت يۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە يىگىسار يېزىسى بىلەن تېرەك بازار يېزىسىدىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، 1996-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە يىگىسار يېزا چوڭ جامە مەسچىتىنىڭ كىچىك زالىدا كۇرس ئاچتى.

بۇ كۇرسقا 30 ياشتىن يۇقىرى، 50 ياشتىن تۆۋەن، شۇ ئورۇندا دائىم تۇرۇشلۇق، ئۆگىنىشنى خالايدىغان، دۇرۇس ئادەملەردىن 58 نەپەر كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە 26 نەپەر ئەر، 32 نەپەر ئايال) تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى. ناھىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى كۇرسقا كېلىپ كۇرسانتلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەتلىرى ۋە قانۇن-نىزاملىرىدىن مۇھىم چۈشەنچىلەرنى بەردى ھەم كۇرسنى ياخشى ئېچىشنى ئۈمىد قىلدى.

كۇرستا شېرىپجان داموللاھاجىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىغا بېسىلغان «ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى» دېگەن ماقالىسى دەرسلىك قىلىنىپ، دەپنە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇسۇل-چۈشەنچىلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلدى ھەم بۇ كۇرس ئارقىلىق، مېيىتلارنى ئۆرپ-ئادەت بويىچە يۇيۇپ دەپنە قىلىش جەھەتتە مېيىت يۇغۇچىلار قىس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

كۇرسانتلار ئۈچ كۈن ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئەمەلىي مەشق قىلىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ھەقىقىي ئىگىلەپ چىقتى. بۇ كۇرسنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى مەمنۇن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى توغرىسىدىكى غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرلىكتە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. (تويغۇن ئابدۇرەھىم)

## خۇيزۇ دىنىي زات گاسۇندې ھاجى شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىگە ئىئانە تەقدىم قىلدى

خۇيزۇ دىنىي زات، ئۈرۈمچى دۇڭدالياڭ مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى گاسۇندې ھاجى يېقىندا شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىگە ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مەزكۇر ئىدارە خادىملىرىنىڭ ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان، مۇشكۈلاتقا يولۇققانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ، ئىئانە تەقدىم قىلدى. مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسى رەھبەرلىكى دەرھال مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بۇ دىنىي زاتنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرېشىت نىياز، ئىسلام باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تۇرسۇن، شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت ئىنايەتۇللا ھاجى قاتارلىق رەھبەرلەر قاتنىشىپ، گاسۇندې ھاجى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئىئانىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سودا گېزىتى مۇخبىرلىرى نەق مەيدان زىيارىتىنى ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى داغدۇغىغا سەۋەب بولغان ئىش ئەسلىدە مۇنداق بولغان: گاسۇندې ھاجى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 26-كۈنى مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغاندا، بەختكە قارشى 1500 ئامېرىكا دوللىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە ناھايىتى تىت-تىت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ نەچچە مىليون كىشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ سورۇندا يوقالغان پۇلنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئارىدىن تۆت سائەت ئۆتكەندە، ھەجگە يېتەكچىلىك قىلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا يوقىتىپ قويغان پۇلىنىڭ تېپىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ ۋە پۇلنى ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەسلىدە بۇ پۇلنى شىنجاڭ

مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى يولداش ئەنۋەر نىياز تېپىۋېلىپ رەھبەرلىككە تاپشۇرغانىكەن. گاسۇندىڭ ھاجى بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يولداش ئەنۋەر نىيازغا 200 ئامېرىكا دوللىرى تەڭلىدى. ئەنۋەر پۇلنى ئالغىلى زادىلا ئۇنىمايدۇ ۋە تەسىرلىك قىلىپ: "بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، بىز ھەممىمىز جۇڭگولۇق، بىز ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشىمىز، ھەمكارلىشىشىمىز لازىم. يوقالغان پۇلىڭىزنىڭ تېپىلغانلىقىغا ناھايىتى خۇشالمەن" دېدى. گاسۇندىڭ ھاجى ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەپ بەردى. ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ھاياجانلىنىپ: "بىز يولداش ئەنۋەر نىيازدەك ياخشى كادىرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيىگە ۋە تەشكىلگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز" دېيىشىدۇ. (دەريا ھەسەن)

## قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ئۇيۇشتۇرغان دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى 9-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا ۋىلايىتىمىزنىڭ 12 ناھىيە(شەھەر) دىكى سىياسىي كېڭەشنىڭ دىنىي ساھەدىن بولغان مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ۋىلايەت، ناھىيە(شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى، شەھەر تەۋەسىدىكى جامە-مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى بولۇپ جەمئىي 300 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. بۇ كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەت ئەخلەت سۆز قىلىپ، دىنىي زاتلاردىن قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بېقىش يولىنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

كۇرستا دىنىي زاتلار ئاساسىي قانۇن، نىكاھ قانۇنى، مىراس قانۇنى، ھەق تەلەپ-دەۋا قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى ھەم مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملىرىنى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق ئۆگەندى، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى توغرىسىدىكى لېكسىيەنى ئاڭلىدى، شۇنداقلا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. (ياقۇپ ھاجى)

## شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيە ئۆگىنىش ئېلىپ باردى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت قۇربان ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ھاجى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى تەلئەت تۇرسۇن باش كاتىپ بولۇپ ئۇيۇشتۇرۇلغان 24 كىشىلىك شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 10-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. ئۆمەك ئەزالىرى شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك سىياسىي كېڭەش مەسئۇللىرى ۋە ھەيئەتلىرىدىن تەركىب تاپقان دىنىي زاتلار بولۇپ، بېيجىڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى شىئەن، شاڭخەي، خاڭجۇ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئىدى. بۇ ئۆمەك بېيجىڭدا مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 10-ئاينىڭ 30-كۈنى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ شۇشياڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەمشىدىن ھاجى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپ مالىك ميان قاتارلىقلار بېيجىڭدىكى تۇرپان رېستورانىدا ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن ئابدۇرەھىم ئىمىن سۆزلەپ، دىنىي زاتلار ئۆمىكىنى قىزغىن

قارشى ئالىدىغانلىقىنى، دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىجرا قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى بېجىرىش، مە[illegible] ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆمەك باشلىقى مىجىت قۇربان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە بۇ نۆۋەتتىكى ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىشنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن دىنى زاتلارنىڭ ئۆگەنگەن تەجرىبە ۋە تەسىراتلىرى ئاساسىدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆمەك ئەزالىرى ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 11-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتتى. (مەھمۇدى)

## ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرىدىكى دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە مېھر-شەپقەت يەتكۈزدى

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرىدىكى دىنىي زاتلار ئۆزلۈكىدىن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەردىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھال سوراپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق ۋە مېھر-شەپقەت يەتكۈزدى.

ناھىيە بازىرىدىكى بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى باش قاتۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ناھىيە بازىرىدىكى ئابرويلۇق دىنىي زات، بازارلىق چوڭ خانىقا مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئالىم قارىي ھاجىم باشچىلىقىدىكى 50 نەپەردىن كۆپرەك ئىمام-مەزىن ۋە 300 نەپەردىن ئارتۇق مەسچىت جامائىتى ئۆزلۈكىدىن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، خالىسانە ھالدا 1822 يۈەن نەقپۇل، 720 يۇرۇش ھەر خىل كىيىم-كېچەك، 130 كىلوگرام قوي گۆشى، 14 توننا كۆمۈر، 45 مېتىر رەخت ۋە 260 دانە كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە-زاسۇي قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى يىغىش قىلىپ، تەييارلاپ، ناھىيە بازىرىدىكى 300 دىن كۆپرەك بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەردىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بەردى. دىنىي زاتلارنىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىن تەسىرلەنگەن ئاما كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مېھر-شەپقىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتىشتى. (غالىپجان ئوسمان، دايىم داۋۇت.)

## قورغاس ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ سىياسەت ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

قورغاس ناھىيىسىدە 6-ئۆكتەبىردىن 9-ئۆكتەبىرگىچە، دىنىي زاتلارنىڭ تۆت كۈنلۈك سىياسەت ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. بۇ كۇرسنى باشلاش مۇراسىمىغا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

بۇ كۇرسقا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەرقايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 95 كىشى قاتناشتى. كۇرسانتلارغا ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي مەكتەپتىن تەكلىپ قىلىنغان ئۈچ ئوقۇتقۇچى مەخسۇس دەرس ئۆتتى. ئوقۇتقۇچىلار سىستېمىلىق ھالدا «دىنىي مەسىلە»، «پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستى»، «مىللەت مەسىلىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى»، «شىنجاڭدىكى دىنىي مەزھەپلەر مەسىلىسى»نى سۆزلەپ چۈشەندۈردى. كۇرسانتلار ئىلى رايونىنىڭ ۋە قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كەڭ-كۇشادە سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى ھەم قىزغىن مۇزاكىرىگە ئويۇشتۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى قىسقا ۋاقىتلىق كۇرس ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىگە ۋە قانۇن-تۈزۈملىرىگە بولغان كۆز قارىشى كۈچەيتىلىپ، دىنىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈكۈشلۈك، ساغلام راۋاجلىنىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلدى. (ئۆمەر مالاك)

## جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 96-يىللىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

1996-يىل 10-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى بۇ يىل قوبۇل قىلىنغان 5 يىللىق تولۇق كۇرس ۋە 7-قارار ئاخۇنلار كۇرسى كۇرسانتلىرىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، مۇئاۋىن رەئىس، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇئمان ماشىيەن، مۇئاۋىن رەئىس، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن قاتارلىقلار ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى قاتناشتى. مۇراسىمغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن مۇدىر ياڭ زۇڭشەن ئەھۋال تونۇشتۇردى، ۋەن ياۋبىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئارىلىقتا بىرقانچە يىل توختاپ قالغانىدى، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن بۇ يىل ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قاتتىق تەلەپ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ تالىپلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى رەسمىي پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككى يىلدىن ئارتۇق دىنىي بىلىم ئالغان، دىنىي ساۋات ۋە ئەرەبچە جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە، توي قىلمىغان ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ساپاسى ئىلگىرىكى سىنىپلاردىكىلەرگە قارىغاندا خېلى يۇقىرى ۋە پۇختا. بۇ سىنىپتىكى تالىپلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقراقى شىنجاڭدىن قوبۇل قىلىنغان. (مەھمۇدى)

## ئاتاقلىق دىنىي زات زەيدىن ئابىدىن مەۋلۇۋى داموللا ھاجىم ۋاپات بولدى

ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، جامائەت ئەربابى، داڭلىق ئۆلىما زەيدىن ئابىدىن مەۋلۇۋى داموللاھاجىم كېسەللىك شىپا تاپالمىغاچ، 1996-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى 86 يېشىدا ئاتۇش شەھرىدە ۋاپات بولدى.

زەيدىن ئابىدىن مەۋلۇۋى داموللا ھاجىم ئاتۇشلۇق بولۇپ، 1910-يىلى تۇغۇلغان، بالىلىق ۋە ياشلىقىدا ئاتۇش، قەشقەرلەردە دىنىي تەربىيە ئالغان. 1957-يىلدىن بېرى دىنىي خىزمەت ئۆتەپ كەڭ جامائەتنى نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا، توغرا كەسىپ بىلەن باي بولۇشقا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا قىلىشقا يېتەكلەپ ھەم ئۆزى باشلامچى بولۇپ، كەڭ خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئاتۇش شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 1-، 2-، 3-، 4-نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش 6-، 7-نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. (ياقۇپ ھاجى)

## ئابدۇجېلىل ئاقائىت ھاجىم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل ئاقائىت ھاجىم 1996-يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 66 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئابدۇجېلىل ئاقائىت ھاجىم 1930-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرلىرىدە دادىسى ئاقائىت ھاجىمدىن دىنىي بىلىم ئالغان، 1937-يىلدىن 1940-يىلغىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 1947-يىلدىن 1955-يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1957-يىلدىن بېرى دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1980-يىلدىن بېرى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، سىياسىي كېڭەش ۋە خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن.

(ئاخىرى 60-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بۈگۈر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇشتەرى تولۇقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق چوڭ بىر ئىش.

بۈگۈر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ خۇشاللىقنى ناھىيە تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى بۇ ژۇرنالدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن توققۇز ئورۇندا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تونجى قەدەمدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. مۇشتەرىلەر ژۇرنالنىڭ ئالدىنقى سانلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، كېيىنكى سانلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا بولماقتا. (تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

## ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىماملار كۇرسىغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ئىماملار ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى

«جۇڭگو-مىسىر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى»گە ئاساسەن بۇ يىل ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 34-قارارلىق ئىماملار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 5 نەپەر جۇڭگولۇق ئىمام ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 11-ئاينىڭ 2-كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى ۋە 11-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى ۋە ئالغان تەسىراتلىرىنى دوكلات قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋەن ياۋبىڭ، ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنى جايلارغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاخۇنلۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ قېتىمقى ئىماملار جۇڭگو-مىسىر ئىككى دۆلەت كېلىشىمى بويىچە جۇڭگودىن ئەزھەر ئىماملار كۇرسىغا 5-نۆۋەت ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىماملار بولۇپ، ئۇلار بۇ يىل 7-ئايدا ئوقۇشقا بارغانىدى. بۇ كۇرسنىڭ ھەربىر قارارى ئۈچ ئايلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي چەت ئەللىك ئىماملار قاتنىشىدۇ، ئۇلارغا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مىسىردىكى داڭلىق ئۆلىمالار بىۋاستە دەرس سۆزلەيدۇ. (مەھمۇدى)

(بېشى 59-بەتتە)

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۆرلۈك ئىجتىمائىي پورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ۋە ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇشقا يېتەكلەپ، خەلققە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، كەڭ جامائەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجىم، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجىم ۋە نەچچە مىڭ ئاما ئىشتىراك قىلدى.

مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال-ئەھۋال سورىدى. (ياقۇپ ھاجى)

## ♡ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ♡

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا نەشىرگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەرىكەت ئاتا قىلغاي. ئامىن!

## ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:

1. شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىدىن: **مۇھتەرەم ھاجى** 110 يۈەن
2. غۇلجا شەھىرىدىن: **غۇلام ئەيىندىن** 300 يۈەن
3. غۇلجا شەھىرىدىن: **يارمۇھەممەت ئىلاخۇن** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى)50 يۈەن
4. قەشقەر شەھىرىدىن: **تۇرسۇن مەتىمىن** 100 يۈەن
5. قەشقەر شەھىرىدىن: **ئابدۇقادىر مەخسۇم** 90 يۈەن
6. قەشقەر شەھىرىدىن: **ھۇسەنجان تۇرسۇن** 78 يۈەن
7. تارىم غەربىي جەنۇپ نېفىت ئېچىش شىركىتىدىن: **ئابلەت ئەزىز** 100 يۈەن
8. تارىم غەربىي جەنۇپ نېفىت ئېچىش شىركىتىدىن: **يۈسۈپجان تۇردى** 100 يۈەن
9. كورلا شەھىرىدىن: **تۇرسۇن ئەلى** 50 يۈەن
10. تۇرپان شەھىرىدىن: **ھاجى قېيۇم سەتتارى** 300 يۈەن
11. ئاقسۇ شايار ناھىيىسىدىن: **نۇرنىساخان** 200 يۈەن
12. ئاقسۇ شايار ناھىيىسىدىن: **رەقىبجان** 100 يۈەن
13. ئاتۇش شەھىرىدىن: **تاشخان ھاجىم** 50 يۈەن
14. ئاتۇش شەھىرىدىن: **رەجەپ ھاجىم** 50 يۈەن
15. ئاتۇش شەھىرىدىن: **ئىمام ھاجى** 70 يۈەن
16. خوتەن ناھىيىسىدىن: **مەۋلانىيازخان داموللا ھاجىم** 200 يۈەن
17. خوتەن شەھىرىدىن: **نىياز توختى ھاجىم** 100 يۈەن
18. خوتەن شەھىرىدىن: **يۈسۈپ ئابدۇغېنى** 100 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىسىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاسىتە ئەۋەتسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ، يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلىنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. مىڭ يۈەن ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى "شەرەپلىك مۇشتەرىلەر" سەھىپىسىدىن بىر يىلغىچە ئورۇن ئالىدۇ ۋە بىر يىللىق ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.**

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق سانلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىلىرى …………………… (5·1)
ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن …………………… ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (7·1)
ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز …………………… ئابدۇللا داموللاھاجىم، مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجىم (9·1)
ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغى ئاستىدا داۋاملىق ئالغا باسايلى …………………… ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (10·1)
چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك يىغىلىق …………………… ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (13·1)
تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى …………………… يۇسۇف جەۋاد (15·1)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى …………………… يۇسۇف جەۋاد (17·1)
لى رۇيخۇەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى …………………… (5·2)
جۇڭگو مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىكى چوڭ بىر تەنتەنە—تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز …………………… ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (7·2)
ئىسلام دىنى ۋە زامانىۋىلىشىش …………………… ئامۇر جالڭ گۋاڭلىن (5·3)


## مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى


مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى …………………… يۇسۇف جەۋاد (5·4)
يىغىنىنىڭ ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى …………………… (22·4)
ئۈلگىلىك مەسچىتنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئۆلچىمى …………………… (23·4)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار كۆز قارىشى توغرىسىدا …………………… ئىبراھىم فېڭ جىنيۈەن (13·2)
«قۇرئان كەرىم» ۋە سۈپەتلىك تۇغۇت ئىلمى …………………… يې فۇيۈن، ماشياۋفېڭ (23·2)
زىنا توغرىسىدا …………………… ئابدۇقادىر مەخسۇم (14·3)
ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى …………………… جالڭ يۇڭچىڭ (17·3)
ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە …………………… نەفىسە (23·3)
ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-مەرىپەت …………………… مۇھەممەد سالىھ (24·4)


## ئىسلام ئەقىدىلىرى


ھەج پائالىيىتى …………………… ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا داموللاھاجى (19·1)
ئىسلام دىنى بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان دىن …………………… خۇاڭ يىچۈەن (31·1)
ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى …………………… شىرپىجان داموللاھاجى (29·2)
روزا تۇتۇش …………………… مۆھتەرەم ھاجى (29·3)
ناماز ئوقۇش قائىدىسى …………………… ئابدۇرىشىت ئەنەيتۇللا داموللاھاجى (33·4)


## شەرىئەت تەھلىللىرى


"ئىجتىھاد" ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل—شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرگۈزۈش پرىنسىپلىرى …………………… ئابدۇۋەھاب (33·1)
ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئالەملىك نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە …………………… جېڭ جيەن (36·1)
مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-مال نۇقتىئىنەزىرى …………………… ما چېڭئىن (30·1)


## ۋەز


مۇسۇلمانلاردىكى ۋاپادارلىق …………………… چېڭ فالى (41·1)
مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم …………………… دىڭ چېيىڭ ئاخۇن (45·1)
مۇسۇلمانلار قىماردىن يىراق بولۇشى كېرەك …………………… جيا شىپىڭ ئاخۇن (47·1)
ئىسلام دىنى نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ …………………… بەي چىڭجېن ئاخۇن (39·2)
مۇسۇلمانلار قانداق قىلغاندا تەقۋادار بولالايدۇ؟ …………………… لى شۆۋېي (37·3)


## مەسچىت-مەدرىسلەر


قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتى …………………… مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى (49·1)

قەدىمكى مەدرىس— ھازىرقى دىنىي مەكتەپ قەشقەر سافىيە مەدرىسى …………… مۆسىنجان تۇرسۇن (41·2)

## ئالىم ۋە ئۆلىمالار

"شەيخۇل ئەزھەر" دېگەن ۋەزىپە ئۇنۋانى ۋە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شەيخ ………… ئابدۇماناپ (42·3)
قارىي ھەبىبۇللاھنىڭ ئىككىنچى ئىلمى تەجۋىدنى تارقىتىشى……………… جىن جىنشياڭ (43·3)
ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ۋە بۈيۈك تارىخى ئەسەر «تارىخى ھەمىدى»دىكى ئەخلاق قاراشلىرى توغرىسىدا
…………………………………… مۇھەممەد ئىيسا (42·4)

## ياش ئالىملىرىمىز

مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاشتى (پوستدوكتور) خىمىيە-فىزىكا ئالىمى كۈرمىش ئىبراھىم
…………………………………… ئەنۋەر مۇھەممەد (43·2)
مەملىكىتىمىز خىمىيە ساھەسىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاشتى (پوستدوكتور) ياش خىمىيە ئالىمى زىپەر ئابلىز
…………………………………… ئەنۋەر مۇھەممەد (45·3)

## بىلىم گۈلزارى

دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» ………………… ھاجى مەھمۇدى (46·2)
دۇنيادا نەشىر ھوقۇقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان مۇقەددەس كىتاب—«قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار
توغرىسىدا ………… مۇسا (47·2)
دۇنيا بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1 مىليارد 200 مىليونغا يەتكەن …………… (48·3)

## مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر

گۈللەپ ياشناۋاتقان فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسى ………… مالىك ميان (47·4)
خېنەن ئۆلكىسىدىكى "جيەن" فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈردى … ھاجى مەھمۇدى (49·4)

## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

لۇۋېيدىكى دوستانە ئۇچرىشىش ………… ئابدۇرەھىم ئىمىن (51·1)
پاكىستان مۇسۇلمان ئالىملار ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى………… مەھمۇدى (53·1)
2-نۆۋەتلىك ئالىي مۇكاپاتلىق خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلدى ۋاڭ گىنمىڭ، ماجىخەي (54·1)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى …… ئىمامىدىن (55·1)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر، پاكىستاندىكى ئىسلام ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى تاللاپ ئەۋەتتى
…………………………………… مەھمۇدى (55·1)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئىماملار كۇرسىغا بەش نەپەر ئىمام ئەۋەتتى
…………………………………… ئىمامىدىن (50·1)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى بىلەن برۇناي سۇلتانلىقىنى زىيارەت قىلدى
…………………………………… مۇستاپا (50·2)
پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى … مەئمۇن بىننى نوئمان (53·2)
ئافغانىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جەئفاررازائى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى
…………………………………… ئىمامىدىن (54·2)
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى……………… مۇستاپا (55·2)-
قاھىرەدە ئىسلام مۇھاكىمىسى……………… ئابدۇرەھىم ئىمىن (51·4)
ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار ساياھەت ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ………… مەھمۇدى (52·4)
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار مىسىرغا يۈرۈپ كەتتى……… مەھمۇدى (46·4)
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىماملار كۇرسىغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ئىماملار ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى
…………………………………… مەھمۇدى (60·4)

## ئىسلام دۇنياسى

سەئۇدى ئەرەبىستانى بازىرىغا بىر نەزەر ………………… ئابدۇرەھىم ئىمىن (49·3)
ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى تۇنجى قېتىم ھەل قىلغان ئادەم—زۇبەيدە خېنىم
…………………………………… «ئەل ئىھرام» گېزىتىدىن (53·4)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى…… (56·1)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ………… ياقۇپ ھاجى (56·1)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەت بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولۇش ئەھۋالىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىش-تەقدىرلەش نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزدى ………………… ياقۇپ ھاجى (57·1)
قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ……………… ياقۇپ ھاجى (57·1)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ……………… نەبى ئابدۇللا (56·2)

www.uyghurkitap.com

سانجى ئوبلاستىدا ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ............... ما يۈيچى، ماسۇن(2·54)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە قىلدى.................... ھاجى مەھمۇدى(54·3)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېت 2-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلدى
................................................................ ياقۇپ ھاجى(54·3)
تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېت 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى
................................................................ شاھمەردان(55·3)
بوگۇر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ............... تۇيغۇن ئابدۇرەھىم(55·3)
تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى
................................................................ شاھمەردان(54·4)
پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........................................................ روزى رەھىم(54·4)
تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى .................... شاھمەردان(55·4)

## خەۋەرلەر

دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى بېيجىڭدا تەسىس قىلىندى ................................ زۇلى ۋېن(58·1)
يەكەن ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق بېيىش يولىغا ماڭماقتا .......... ياقۇپ ھاجى(59·1)
دوكتور ئۇبەيد ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى ...................... مۇسا(57·2)
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى جادۇل ھەق ئەلى جادۇل ھەق خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى ...... ئابدۇۋەھاب(57·2)
قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بەشتە ياخشى مەسچىت، بەشتە ياخشى دىنىي زات ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولغان دىنىي زاتلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ................................ ياقۇپ ھاجى(57·2)
تۇرپان شەھىرىدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەر ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىغا ماڭدى ........... شاھمەردان قارىي(58·2)
دىنىي زاتلار نامراتلارنى يوقلىدى .................................................. ياقۇپ ھاجى(59·2)
تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭماقتا ........ شاھمەردان قارىي(59·2)
دىنىي زاتلار ھازىرقى زامان پەن تېخنىكا تەرەققىياتى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى
................................................................ ياقۇپ ھاجى(62·2)
ئۆز يۇرتى خەلقىنى ئۇنتۇمىغان مۇساپىر ........................................... ما ۋېنبىڭ(62·2)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى
................................................................ ياقۇپ ھاجى(56·3)
باي ناھىيىلىك دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئۈمىكى بېيجىڭغا كەلدى ............... ھاجى مەھمۇدى(56·3)
تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان توقسۇن ناھىيىسىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى ........................................ شاھى مەردان(58·3)
قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ................. ياقۇپ ھاجى(60·3)
پىچان ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى ........... شاھمەردان(60·3)
ئاقسامارال يېزىسىدا دىنىي ئىشلار خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە ..................... مۇھەممەت ئەمەت(61·3)
ئاقتو ناھىيىسى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى ..................... سايرا يۈسۈپ(61·3)
بوگۇر ناھىيىسىدە مېيىت يۇغۇچىلار(غەسساللەر)نى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.............. تۇيغۇن ئابدۇرەھىم(56·4)
خۇيزۇ دىنىي زات گاسۇندى ھاجى شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسىگە لەۋھە تەقدىم قىلدى
................................................................ دەريا ھەسەن(56·4)
قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى ..................... ياقۇپ ھاجى(57·4)
شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكى بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئېلىپ باردى ........ مەھمۇدى(57·4)
ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيە بازىرىدىكى دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى
................................................................ غالىپجان ئوسمان، دايىم داۋۇت(58·4)
قورغاس ناھىيىسىدە دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى ........................ ئۆمەر مافاڭ(58·4)
جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 96-يىللىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى .................. مەھمۇدى(59·4)



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى ئابدۇرەھىم ئىمىن قارىلىقلار
مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈل-
گەن دۇنيا ئىسلام مۇھاكىمىسى يىغىنى-
دا ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن بىللە.



ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار ساياھەت ئۆ-
مىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زى-
يارەت قىلغاندا، مۇئاۋىن رەئىس شەم-
سىدىن ھاجى قارىلىقلار ئۇلار بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام جەمئىيى-
تىگە ۋەكالىتەن ئۇلارغا خاتىرە بۇيۇم
تەقدىم قىلدى. ئۆمەك ئەزالىرىمۇ ئىس-
لام جەمئىيىتىگە سەدىقە ئاتىدى.




مۇئاۋىن باش كاتىپ مالىك ميان قا-
تارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە
ۋەكالىتەن خونەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن
ناھىيىسى فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزى-
سى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون
يىللىق مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بۇ يىل مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ماڭغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق توپلىمىنى سېتىۋالغۇچىلار سەمىگە

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1996-يىلدىن باشلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە مۇشتەرىلەر سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. ئەمما يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تولۇق ئالالمىدى، ئۇلاردىن بىرمۇنچىلىرى بۇ ژۇرنالنىڭ يىللىق توپلىمىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، 1996-يىللىق ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بىر قىسمىنى يىللىق توپلام قىلىپ ئىشلىمەكچىمىز، سېتىۋېلىشنى خالايدىغان شەخسلەر ۋە ئورۇنلار ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە پۇلنى بىزگە يوللاپ بەرسە، ژۇرنالنى ۋە پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق تالونىنى دەرھال يوللاپ بېرىمىز. ھەربىر **توپلامنىڭ باھاسى 15 يۈەن.** سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ (ئورۇنىنىڭ) ئىسمى، ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى سورايمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

**شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسى**

**غۇلجا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ئابدۇشۇكۇر ھاجىم**

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابدۇۋايىت ئەمەت**

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلىز ھاجى**

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلىھېكىم ئىبراھىم ھاجى**

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1996-يىل 4-سان (ئومۇمىي 41-سان)
中国穆斯林(维吾尔文版) 1996年第四期(总41期)

ژۇرنالنىڭ: خەلقئارالىق نومۇرى ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى CN 11—1346/B
刊号: ISSN 1007—5836 / CN 11—1346/B

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. باھاسى: 2.80 يۈەن
公开发行. 定价: 2.80 元